مول بىلىم خەزىنىسى     دۇنيا پەن — تېخنىكىسىنىڭ روجىكى     زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ياردەمچىسى

# بىلىم - كۈچ



**08**

**2016**

KNOWLEDGE IS POWER 知识－力量

中国科协项目资助


پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 15 — 58

ISSN 1002-9427

08

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا بايرىمىدىن كۆرۈنۈشلەر
























# دۆلەت ئانىسىنىڭ بالىلار ھەققىدە ئېيتقانلىرى

بالىلارنىڭ ئىمتىھان نومۇرى مەڭگۈ بالىغا مىننەتدار بولۇشنى ۋە ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىشتىن مۇھىم بولمايدۇ.

ئاتا - ئانىلار بالىلاردا توغرا بولغان پۇل قارىشىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك، بالىلارغا بايلىق قالدۇرۇش يەنىلا بالىلارنى پۇلدارغا ئايلاندۇرۇشقا يەتمەيدۇ. شۇڭا بالىلارغا مىليونلاپ مال - دۇنيا قالدۇرغاندىن يەنىلا تۆۋەندىكىلەرنى قالدۇرۇش ئەۋزەلدۇر:

1. بالام، چوقۇم تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك. بۇ باشقىلارنى كۈتۈش بىلەن مۇناسىۋەتسىز. سېنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر يېنىڭدا بولمىغان چاغلاردا قىيىنىلىپ قالمايسەن، يەنى مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايسەن.

2. بالام، چوقۇم ئاپتوموبىل ھەيدەشنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك. بۇ سالاھىيەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز. بۇنداق بولغاندا ھەرقانداق ئەھۋالدا، بارغۇڭ كەلگەن ھەرقانداق جايغا بارالايسەن، ھېچكىمگە يالۋۇرۇپ يۈرمەيسەن، يەنى ئەركىن بولىسەن.

3. بالام، چوقۇم مۇنتىزىم ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشۈڭ كېرەك. بۇ ئوقۇش تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئادەم ھاياتىدا بۇ بىرنەچچە يىلنى باشتىن كەچۈرۈشى، ئەركىن - ئازادە ھەم ئوقۇمۇشلۇق ياشىشى كېرەك. جەمئىيەتكە قەدەم باسقانلىق رىقابەتكە قەدەم ئالغانلىق بولىدۇ.

4. بالام، ئادەم قانچىلىك يىراققا بارالىسا كۆڭلىمۇ شۇنچىلىك كېڭىيىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئادەمنىڭ كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ بولغاندىلا خۇشال - خورام بولالايدۇ. نەزەر دائىرىسى كېڭەيسە بىلىم دائىرىسىمۇ كېڭىيىدۇ.

5. بالام، ئەگەر دۇنيادا پەقەت ئىككى قاچىلا سۇ قالسا، بىر قاچىسىنى ئىچ يەنە بىر قاچىسىدا يۈزۈڭنى ۋە ئىچ كىيىمىڭنى يۇيغىن، ئۆز ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش باي - نامراتلىق بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ.

6. بالام، ئاسمان گۈمۈرۈلۈپ چۈشسىمۇ يىغلىما ھەم ئاغرىنما. بولمىسا دوستلىرىڭ ئازابلىنىپ دۈشمەنلىرىڭ كۈلىدۇ. تەقدىرىڭنى خاتىرجەم قوبۇل قىل، سېنى سۆيىدىغان كىشىلەر ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى بىلىدۇ.

7. بالام، ھەرقانچە ئاددىي تاماق يېسەڭمۇ پاكىز داستىخان سال، چىرايلىق ئولتۇر. تۇرمۇشقا ئەھمىيەت بەر. سالاپەت شارائىت بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ.

8. بالام، يىراق سەپەرگە چىققان چېغىڭدا فوتو ئاپپاراتتىن باشقا يەنە قەغەز - قەلەم ئېلىۋال. مەنزىرە ئوخشاش بولىدۇ، ئەمما مەنزىرە كۆرگەندىكى ھېسسىيات مەڭگۈ تەكرارلانمايدۇ.

9. بالام، ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ، چوقۇم ئۆزۈڭگە تەۋە بوشلۇق بولسۇن، تالادا قالمايسەن. ئەڭ مۇھىمى چېچىلىپ قالغان چېغىڭدا سېنى تىنچلاندۇرىدۇ، خاتىرجەم قىلىدۇ.

10. بالام، كىچىككىڭدە كۆرگەن - بىلگىنىڭ، چوڭايغاندا كەچمىشىڭ بولغاندىلا، ھاياتىڭ سۈپەتلىك ئۆتىدۇ.

11. بالام، ھەرقانداق چاغدا ئاق كۆڭۈل ئادەم بول. ئاق كۆڭۈللۈك سېنى ئەڭ ئېتىبارلىق ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ.

12. بالام، تەبەسسۇم، ئېسىللىك ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش ئەڭ چوڭ روھىي بايلىق بولىدۇ. ئۇلار بولغاندىلا بارلىقىڭ بولىدۇ. مانا بۇ «ئېسىلزادىلەر» چە روھتۇر.

# مۇندەرىجە


1 ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىدە نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر - نىڭ تىزىملىكى........................................


## ئىلىم-پەن ۋە خۇراپاتلىق


5 كېچە بىلەن كۈندۈز نېمە ئۈچۈن ئالمىشىپ تۇرىدۇ.........................

6 گۈلدۈرماما ۋە چاقماقنى چۈشىنەمسىز..........................

7 بۇلۇت نېمە ئۈچۈن چۈشۈپ كەتمەيدۇ............................

8 بۇلۇت قانداق شەكىللەنگەن.......................دىلنۇر ئېزىز(ت)


## دۇنياغا نەزەر


9 دۇنيادىكى ئەڭ ئۆزگىچە ئون چوڭ كۆۋرۈك......جەي شىنرۈي(ت)

12 ئادەم بەدىنىدىكى ئەزا كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىدىكى «تۈنجى» لار.........................................مەمتىمىن مەمەت(ت)


## ساغلاملىق چەمبىرىكى


13 ئادەملەر نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خورەك ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەت - مەيدۇ.......................................مېھراي ياسىن(ت)

14 بەش تۈرلۈك كىشىلەر يازدا زەنجۇۋىلنى كۆپ يېيىشى كېرەك..... ......................................مۇھەممەد تۇراپ(ت)

16 تۇز — دىيابېتنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشتۇرغۇچىسى........ .......................................مۇنەۋۋەر ئېزىز(ت)

17 بەل ئومۇرتقا ئاغرىقى تەخسىسى پولتىيىپ چىقىش كېسىلىگە ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى.....................نۇرمۇھەممەت ئىمىن روزى


## مۇھىت ۋە ھاياتلىق


18 سىرلىق ھاۋارايى.................................جۇرئەت ھەبىبۇل(ت)

20 ھاۋادىكى يېمەكلىك خورۇچى.....................ساجىدە تۇرەخمەت(ت)



نازارەت قىلىش تېلېفونى: 0991-6386550 تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفونى: 0991-6386547

ئېلان تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفونى: 0991-6386551 خەت ساندۇقى:bilimkuqxjkx@163.com






8 - سان

(ئايلىق ژۇرنال)

2016 - يىل، ئاۋغۇست (تومۇز)

( ئومۇمىي 411 - سان )

1980 - يىل نەشر قىلىندى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق

پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرى نەشرىياتى



**تەھرىر ھەيئەتلىرى**

**مۇدىر:** لى چۈنياڭ

**مۇئاۋىن مۇدىر:** تاۋ پېڭ

ئابدۇغېنى ئىگەمبەردى

چالقار قىزىر

شيې گوجيڭ

مى نىڭ

ئىمىنجان زارى

ئەي چۈنگىن

بەي شاۋخۇڭ

**ھەيئەت ئەزالىرى**

ۋەن شياڭگوي دىلشات مەتروزى

تاشقىن جاپپار ليۇ يىڭ جەن چياڭ

شيې شۈيەن جۇرئەت ھەبىبۇل لوجيەن يى

**نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:**

دىلشات مەتروزى

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

**مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:**

جۇرئەت ھەبىبۇل

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

لو جيەن يى

**تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:**

زەيتۇنگۈل ئابدۇۋايىت

**مەسئۇل مۇھەررىر:**

پەزىلەت تۇرغۇن

**كوررېكتور:**

ئاسىيە ھۇسەيىن




**مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە:**
شاڭخەي نەنپۇ چوڭ كۆۋرۈكى
**باشقۇرغۇچى:**
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى
**نەشر قىلغۇچى:**
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەننى
ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرى نەشرىياتى
**تۈزگۈچى:**
«بىلىم - كۈچ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
**پوچتا نومۇرى:**
830054
**ئادرېسى:**
ئۈرۈمچى شەھىرى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت يولى
686 - قورۇ
(پەن - تېخنىكا سارىيى ئىچىدە)
**تەھرىرلەپ تەييارلىغۇچى:**
«قوشنا» ژۇرنىلى
**باسقۇچى:**
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**تارقاتقۇچى:**
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
**مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:**
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا
تارماقلىرى
**مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن قىرەللىك**
**نەشر بۇيۇملىرى نومۇرى:**
CN65 - 1085 / Z
**خەلقئارا ئۆلچەملىك قىرەللىك نەشر بۇيۇملىرى**
**نومۇرى:**
ISSN1002-9427
**ئېلان تىجارەت گۇۋاھنامە نومۇرى:**
6501004000010
**پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:**
58-15

**باھاسى:** 7.00 يۈەن

## تېخنىكا ۋە تۇرمۇش

22 ئۆسۈملۈك ئارقىلىق يانفوننى زەرەتلىگىلى بولامدۇ............
...................................................مۇنەۋۋەر ئېزىز(ت)

## ھايۋانات دۇنياسى

23 ساقىيقۇش ۋە ئۇنى قوغداش................................ئابدۇللا روزى
25 ئالاھىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان 10 چوڭ جانلىق.............
....................................................ساتتار غوپۇر(ت)

## يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسى

28 قوغۇن قىروسىمان پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-يو-
قىتىش تەدبىرلىرى.................................ھۆسەنجان تۇنىياز
30 نەشپۈتلۈك باغلارنى تېخنىكىلىق باشقۇرۇش توغرىسىدا............
....................................................نۇرجامال تۇرسۇن
33 يىلتىز ئۆستۈرگۈچنى يەرلىك ئۇسۇلدا ياساش.....ئابدۇكېرىم ھاجى
35 جەنۇبىي شىنجاڭدا شېففىلېرا چاتقىلىنى ئائىلىلەردە ئۆستۈرۈش
تېخنىكىسى.......................................روزمەمەت ئىمىن

## ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن

38 پىسخىك ساغلاملىق ئۆلچىمى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم...........
....................................................ئوسمانجان ئابلەت
41 لايىھەلەش سەنئىتىدە ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بېرىش
لازىم..........................................قەيسەر مەمتىمىن
43 ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى
كۈچەيتىش توغرىسىدا.................................ئەسئەت ھاشىم
46 بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى ھەققىدە ساۋات.....................نۇر تۇرسۇن

## كەسپداشلار مۇنبىرى

50 نەشرىياتچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى توغرىسىدا مۇلاھىزە.........
....................................................ئەنۋەر تاشتۆمۈر

## بىلىۋېلىڭ

55 كىتاب ئوقۇش ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ..............رەيھانگۈل يۈسۈپ(ت)
57 زەمزەم قانداق سۇ.................................مامۇت قۇربان
60 يەر شارىدىكى يەر تەۋرىمەيدىغان ئورۇنلار.......ھۆسناجى ئابدۇرېھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىدە نەتىجىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ تىزىملىكى

| | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | تۇرۇشلۇق مەكتىپى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | لى جىڭ | ئايال | خەنزۇ | 1989.9 | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى غۇلجا شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 2 | باقىبەگ ئىلىجان | ئەر | قازاق | 1996.5 | تارباغاتاي ۋىلايىتى ساۋەن ناھىيەلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 3 | جاڭ بوۋېن | ئەر | خەنزۇ | 2000.1 | ئالتاي ۋىلايىتى كۆكتوقاي ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 4 | شۇ جىۋېي | ئەر | خەنزۇ | 1998.4 | قاراماي شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 5 | دۇ يۈنشياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1999.2 | قاراماي شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 6 | ۋاڭ زىۋۇ | ئەر | خەنزۇ | 2003.11 | قاراماي شەھەرلىك ئافېنا باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 7 | گو خاڭيۈەن | ئەر | خەنزۇ | 2001.8 | قۇمۇل ۋىلايەتلىك قۇمۇل شەھىرى 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 8 | چەي نىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1998.5 | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كۇچا ناھىيەلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 9 | ئىلشات يۈسۈپ | ئەر | ئۇيغۇر | 1997.5 | قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 10 | مەردانجان نۇرمەممەت | ئەر | ئۇيغۇر | 1999.10 | قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 11 | رېن لىخۇا | ئايال | خەنزۇ | 1994.9 | قەشقەر ۋىلايىتى مارالبېشى ناھىيەلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 12 | دىلمۇرات ئابدۇراخمان | ئەر | ئۇيغۇر | 1998.10 | خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناھىيەلىك قوش تىل تەجرىبە مەكتەپ |
| 13 | يۇمجاپ | ئەر | موڭغۇل | 2005.1 | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى خېجىڭ ناھىيەلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 14 | گۇ جياۋېي | ئەر | خەنزۇ | 2004.4 | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى كورلا ئىقتىساد تېخنىكا تەرەققىيات رايونى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 15 | ياڭ شۇتىڭ | ئايال | خەنزۇ | 2000.11 | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى كورلا شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 16 | بەختىيار ئالىم | ئەر | ئۇيغۇر | 1997.10 | تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى چاتقال ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 17 | گۈەن شىنيۇ | ئايال | خەنزۇ | 1998.2 | بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بورتالا شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 18 | شاڭ يۇچى | ئەر | خەنزۇ | 2000.1 | بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بورتالا شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 19 | يۇ گوفېڭ | ئەر | خەنزۇ | 2000.11 | سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قۇتۇبى ناھىيەلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 20 | چيەن يۇخاۋ | ئەر | خەنزۇ | 1998.4 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 70 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 21 | شيې جياشۈەن | ئەر | خەنزۇ | 2000.2 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 41 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 22 | چېن جيې | ئەر | خەنزۇ | 2003.12 | شىخەنزە شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 23 | چېن سىلۇ | ئەر | خەنزۇ | 1992.2 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 24 | لىيۇ يۇڭبو | ئەر | خەنزۇ | 1996.1 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| 25 | بەي شۇ | ئايال | خەنزۇ | 2000.10 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 80 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 26 | بىلالجان ئەنۋەر | ئەر | ئۇيغۇر | 1998.6 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 80 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 27 | چېن يېۋۇشياڭ | ئايال | خەنزۇ | 1998.8 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 28 | ما يۇنبو | ئەر | خەنزۇ | 2004.5 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 15 - باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 29 | زو بوياڭ | ئەر | خەنزۇ | 2000.12 | ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 30 | تەن چۈيۇ | ئايال | خەنزۇ | 2004.5 | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 31 | ۋاڭ سىخەن | ئايال | موڭغۇل | 2006.9 | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى كورلا شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 32 | جاڭ جىۋېي | ئەر | خەنزۇ | 1999.10 | سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ماناس ناھىيەلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 33 | ۋاڭ جىچاۋ | ئەر | خەنزۇ | 2000.10 | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى كورلا شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 34 | ئارافات ئابدۇراخمان | ئەر | ئۇيغۇر | 1998.8 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 35 | گاۋ شاۋچىن | ئەر | خەنزۇ | 1998.5 | ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 36 | دىڭ جياشى | ئەر | خەنزۇ | 1998.1 | قۇتۇبى ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 37 | چېن جوئېر | ئايال | خەنزۇ | 1997.8 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 38 | جاڭ لىنيۇ | ئايال | خەنزۇ | 1998.7 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 39 | ۋاڭ خاۋيۇ | ئەر | خەنزۇ | 1997.11 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 40 | مەتياسىن سىرادىل | ئەر | ئۇيغۇر | 2000.6 | خوتەن ۋىلايەتلىك لوپ ناھىيەلىك بويا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 41 | ۋاڭ يۆچېن | ئەر | خەنزۇ | 1997.12 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 70 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 42 | جاڭ چوڭمىڭ | ئەر | خەنزۇ | 2003.7 | قاراماي شەھەرلىك نەنخۇ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 43 | ئابلىكىم توختى كېرەم | ئەر | ئۇيغۇر | 1996.3 | خوتەن ۋىلايەتلىك گۇما ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 44 | جۇ يىفېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1999.3 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 68 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 45 | لو كاڭرۇي | ئەر | خەنزۇ | 2003.10 | قاراماي شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 46 | ياڭ چىمىڭ | ئەر | خەنزۇ | 2004.2 | قاراماي شەھەرلىك 12 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 47 | لىيۇ گو | ئەر | خەنزۇ | 1997.11 | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 48 | سۇن يىفېي | ئەر | خەنزۇ | 2001.4 | قاراماي شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 49 | چيەن جۇنسوڭ | ئەر | خەنزۇ | 2003.2 | ئاقسۇ شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ |

www.uyghurkitap.com

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 50 | لو جىنشې | ئەر | خەنزۇ | 2003.10 | ئاقسۇ شەھەرلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 51 | چېن جۈنشياۋ | ئەر | خەنزۇ | 2002.4 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 68 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 52 | فەرۇخ يالقۇن | ئەر | ئۇيغۇر | 1996.12 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 53 | جاڭ شۇ | ئەر | خەنزۇ | 1998.5 | شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 54 | نۇرلانبېك نۇرشات | ئەر | قىرغىز | 1998.11 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 55 | رېن خوڭشۇ | ئەر | رۇس | 2005.4 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 32 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 56 | چېن باڭجې | ئەر | خەنزۇ | 2004.4 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 31 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 57 | لى شۇزې | ئايال | خەنزۇ | 2006.7 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 91 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 58 | فەن چىرۇي | ئەر | خەنزۇ | 2006.8 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 53 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 59 | رېن زىخاۋ | ئەر | خەنزۇ | 2000.8 | كورلا شەھەرلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 60 | خۇاڭ تيەنيۈ | ئەر | خەنزۇ | 2004.3 | قاراماي شەھەرلىك 8 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 61 | ۋاڭ جىنتاۋ | ئەر | خەنزۇ | 2001.12 | قۇمۇل شەھەرلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 62 | ياڭ زىجيەن | ئەر | خەنزۇ | 2004.11 | قۇمۇل نېفىت 1 ـ مەكتەپ |
| 63 | فېڭ جىنشياڭ | ئەر | خەنزۇ | 2000.3 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 41 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 64 | بيەن يۈشۈەن | ئايال | خەنزۇ | 2005.6 | قاراماي شەھەرلىك 18 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 65 | دىڭ جاۋيۈ | ئەر | خەنزۇ | 1998.4 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 66 | لى يىكۇن | ئەر | خەنزۇ | 2001.2 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 70 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 67 | يۇ خاۋلىن | ئەر | خەنزۇ | 1998.12 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 70 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 68 | جوۋ جېنشياۋ | ئەر | خەنزۇ | 2000.8 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 70 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 69 | ما مېڭيۈەن | ئايال | خەنزۇ | 2001.7 | تارباغاتاي ۋىلايىتى ساۋەن ناھىيەلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 70 | جاڭ يەنلوڭ | ئەر | خەنزۇ | 1989.11 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| 71 | تۇرغۇن مەھمۇت | ئەر | ئۇيغۇر | 1993.3 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| 72 | لى ديەنپېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1992.9 | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| 73 | سۇن خوڭجيې | ئەر | خەنزۇ | 1993.1 | شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى |
| 74 | ۋۇ زىيۇ | ئەر | خەنزۇ | 1991.12 | شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى |
| 75 | مىرشات مەھمۇت | ئەر | ئۇيغۇر | 1994.9 | شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 76 | لياۋ جىنخۇي | ئەر | خەنزۇ | 1992.7 | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى |
| 77 | جاۋ زىچېن | ئەر | خەنزۇ | 1996.4 | شىنجاڭ قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى |
| 78 | ۋاڭ تيەنخې | ئەر | موڭغۇل | 1998.7 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 79 | شيې روچى | ئايال | خەنزۇ | 1998.1 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 80 | شىڭ خەيفېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1997.12 | شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 81 | يۈ زېرۇي | ئەر | خەنزۇ | 1998.1 | شىخەنزە شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 82 | لى تونگيۇ | ئەر | خەنزۇ | 1998.10 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 83 | لى جيايۇ | ئايال | خەنزۇ | 1997.12 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 84 | ياۋ رۇيلىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1997.12 | شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 85 | جاڭ زىئەن | ئەر | خەنزۇ | 1998.9 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 86 | ۋاڭ جۇجۇن | ئايال | خەنزۇ | 2000.11 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 71 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 87 | جوۋ چيەنشو | ئەر | خەنزۇ | 2002.9 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 92 - باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 88 | ياڭ جيىمىن | ئايال | خەنزۇ | 1998.9 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 89 | چېن يۈشۈەن | ئەر | خەنزۇ | 1999.1 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 90 | لۇ چېڭلىن | ئەر | خەنزۇ | 1998.1 | شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 91 | خاۋ جياۋېي | ئەر | خەنزۇ | 1998.5 | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى كۈيتۇن شەھەرلىك - تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 92 | جاڭ يىخېڭ | ئايال | خەنزۇ | 1999.8 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 70 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 93 | چېن جياچېن | ئەر | خەنزۇ | 1998.3 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 94 | چېن ئېنزې | ئەر | خەنزۇ | 1999.2 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 95 | ليۇ جياۋېن | ئەر | خەنزۇ | 1998.6 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 96 | ياڭ خەينىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1997.9 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 97 | ۋاڭ شۇخەن | ئەر | خەنزۇ | 1999.9 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 98 | شياۋ جىڭجىڭ | ئايال | خەنزۇ | 1999.1 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 99 | ياڭ كەيىيۈەن | ئەر | خەنزۇ | 2000.1 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 100 | ۋاڭ جياچاڭ | ئەر | خەنزۇ | 2000.5 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# كېچە بىلەن كۈندۈز نېمە ئۈچۈن ئالمىشىپ تۇرىدۇ

يەر شارى يورۇقلۇق تارقاتمايدىغان ھەم نۇر ئۆتكۈزمەيدىغان شارسىمان جىسىم، ئوخشاش بىر ۋاقىتتا قۇياش پەقەت يەر شارىنىڭ يېرىمىنىلا يورۇتالايدۇ، يورۇتۇلغان قىسىم كۈندۈز، يورۇتۇلمىغان قىسىم كېچە بولىدۇ.

يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش سەۋەبىدىن، يەر شارىنىڭ ئوخشىمىغان ئورۇنلىرىدا ئوخشاش ۋاقىتتا كېچە بىلەن كۈندۈز ئوخشىمايدۇ، يەنى بەزى جايلار چىڭقى چۈش، بەزى جايلار يېرىم كېچە، بەزى جايلار كېچە ـ كۈندۈز ئالمىشىدىغان سەھەر ياكى گۇگۇم چۈشكەن ۋاقىت بولىدۇ. مەلۇم جايدا قۇياش كۆتۈرۈلۈپ ئەڭ ئېگىز ئورۇنغا يەتكەندە، قۇياش نۇرى شۇ جاينىڭ مېرىدىيان سىزىقىغا چۈشىدۇ. بۇ چاغ دەل شۇ جاينىڭ چىڭقى چۈش ۋاقتى بولىدۇ.

يەر شارى ئوقى قىيپاش بولغانلىقتىن ئوخشىمىغان ئورۇنلارنىڭ كېچە بىلەن كۈندۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوخشىمايدۇ. يەر شارىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال ئىككى قۇتۇپ رايونىدا، قۇياش نۇرى يىل بويى قىيا



چۈشكەنلىكتىن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىكى ئۆزگىرىشمۇ ئەڭ چوڭ بولىدۇ. جەنۇب ۋە شىمال يېرىم شارنىڭ يۇقىرى كەڭلىك رايونىدا تېخى كۈنبويى كۈن پاتماسلىق ياكى كۈن چىقماسلىق ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ، يەنى بۇ 24 سائەت پۈتۈنلەي كۈندۈز ياكى كېچە بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. بۇ قۇتۇپ رايونىدىكى «قۇتۇپ كۈندۈزى» ياكى «قۇتۇپ كېچىسى» ھادىسىسىدۇر.

كوپېرنىكنىڭ قۇياش مەركەز تەلىماتى ئىلگىرى كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىش ھادىسىسىگە قارىتا: «يەر شارى قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ. بۇ كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىنىش ھادىسىسىگە بەرگەن ئەڭ مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈش» دەپ بايان قىلغان. قۇياش مەركەز تەلىماتى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، 300 يىلدىن كېيىن، ئالىملار قۇياشنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى بايقاپ، قۇياش مەركەز تەلىماتىنى قايىل قىلارلىق ئىسپات بىلەن تەمىنلەپ بەرگەن.

قەدىمكى كىشىلەردە ئاسترونومىيە بىلىملىرى كەمچىل بولغاچقا، ئىزچىل ھالدا كۈننىڭ قاراڭغۇلىشىشىنى قۇياشنىڭ تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ دەپ قاراپ كەلگەن، بۇ خاتا قاراشتۇر. ئەگەر ئادەم يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش سۈرئىتىگە تەڭ سۈرئەتتە غەربكە قاراپ يۈگۈرگەندە، مەڭگۈ كۈندۈزدە تۇرۇپ قالىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېزىز**
**مۇھەررىر: جۈرئەت ھەبىبۇل**

# گۈلدۈرماما ۋە چاقماقنى چۈشىنەمسىز

بەزى تومۇز ئىسسىق ياز كۈنلىرىدە، ئاسماندا بىرەر پارچە قارا بۇلۇتنىڭ كۆرۈلۈشى بىلەنلا، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىدۇ. يامغۇر يېغىۋاتقاندا دائىم گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقىدۇ، بۇنداق مەنزىرە ئادەمنى سەل ساراسىمىگە سالىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، يامغۇر ياغقاندا دەرەخنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ يامغۇردىن دالدىلىنىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنداق بولمىغاندا ناھايىتى ئاسانلا چاقماقنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئىلىم ـ پەننىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر گۈلدۈرماما ۋە چاقماقنىڭ سىرىنى يەشتى ھەمدە چاقماقتىن ساقلىنىدىغان چاقماق قايتۇرغۇچ خادىسىنى كەشىپ قىلدى.

ئەسلىدە گۈلدۈرماما ۋە چاقماق بۇلۇتلار قاتلىمىدا يۈز بېرىدىغان بۇلۇتلار ئارا ۋە بۇلۇت بىلەن ھاۋا ئارىسىدىكى ئوت ئۇچقۇنلۇق زەرەتسىزلىنىش ھادىسىسىدۇر. چاقماق ۋە گۈلدۈرماما بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەچكە، گۈلدۈرماما ۋە چاقماق دەپ ئاتىلىدۇ. (چاقماقنى ئاۋۋال كۆرەلىشىمىزدىكى سەۋەب، نۇرنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى ئاۋازنىڭكىدىن خېلى تېز بولىدۇ) ئەمەلىيەتتە گۈلدۈرماما ۋە چاقماقنىڭمۇ ئۆزگىچە رولى بار، گۈلدۈرماما ۋە چاقماق، ھاۋادىكى ئازوت گازى قاتارلىق نېئورگانىك ماددىلارنى بىرىكتۈرۈپ يېڭى، ئۆسۈملۈكلەر سۈمۈرەلەيدىغان ئازوتلۇق ئوغۇتنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۆلچەپ بېكىتىشكە قارىغاندا، ھەر يىلى يەر شارىدىكى 400 مىليون تونىنا ئازوتلۇق ئوغۇت گۈلدۈرمامىلىق يامغۇرنىڭ رولىدىن شەكىللىنىدىكەن. گۈلدۈرماما ۋە چاقماق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ھاۋانى پاكىزلاش رولىغىمۇ ئىگە. گۈلدۈرماما ۋە چاقماق يەنە ھاۋادىكى كېسەللىك باكتېرىيەلىرى ۋە ۋىرۇسلارنى يوقىتالايدۇ، زىرائەتلەردىكى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ يۈز بېرىشىنى ئازايتىدۇ. ئەمما شەيئىلەرنىڭ ئىككى تەرەپلىمىلىكى بولغىنىدەك، گۈلدۈرماما ۋە چاقماق ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزۈپلا قالماي، يەنە ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ھاۋا قۇرغاق ۋاقىتلاردا گۈلدۈرماما ۋە چاقماقنىڭ تەسىرىدىن ئورمانغا ئوت كېتىشى، بەزىدە كىشىلەرنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سېلىشى، ئىمارەتلەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشى مۇمكىن ...

18 ـ ئەسىردە ئامېرىكىلىق ئالىملار چاقماق قايتۇرغۇچ خادىسىنى كەشىپ قىلدى. بۇنىڭدا ئېگىز ئىمارەتنىڭ ئۆگزىسىگە ئۇچلۇق بىر مىس تاياقچە تىكلىنىپ، مېتال يىپچە بىلەن مىس تاياقچىنىڭ يەنە بىر ئۇچى يەر ئاستىغا ئۇلاپ قويۇلىدۇ. بۇنداق بولغاندا چاقماق بۇ قۇرۇلمىنى بويلاپ يەر ئاستىغا تارقىلىدۇ ـ دە، چاقماقتىن كېلىپ چىقىدىغان زىياندىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

گۈلدۈرماما ۋە چاقماق، تۈز لىنىيەلىك چاقماق، ئېلېكترو ماگنىت ئىمپۇلسى، شارسىمان چاقماق ۋە بۇلۇت چاقماققا بۆلۈنىدۇ. تۈز لىنىيەلىك چاقماق بىلەن شارسىمان چاقماقنىڭ زىيىنى ئەڭ چوڭ بولىدۇ، ئېلېكترو ماگنىت ئىمپۇلسى ئاساسلىقى ئېلېكترونلۇق ئەسلىھەلەرگە تەسىر قىلىدۇ. بۇلۇت چاقماقنىڭ ئىنسانلارغا زىيىنى ئەڭ ئاز بولىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى : دىلنۇر ئېزىز**
**مۇھەررىر: جۈرئەت ھەبىبۇل**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بۇلۇت نېمە ئۈچۈن چۇشۇپ كەتمەيدۇ

بىز بەزىدە بۇلۇتلارغا قاراپ ھوزۇرلىنىمىز. بۇلۇت ئۆزگىچە گۈزەللىككە ئىگە بولۇپ، بەزىدە ئۇ خۇددى سېھىرگەردەك بىردەم ئاتقا، بىردەم مۇشۈككە ئۆزگەرسە، بەزىدە خۇددى كۆچلۈك دولقۇندەك كۆكتە شىددەت بىلەن ئۇزۇپ يۈرىدۇ ... بىز ھوزۇرلىنىش ئىلكىدە ئۇلارنى كۆزەتكەچ، كاللىمىزدا سانسىزلىغان سوئاللار پەيدا بولىدۇ: نېمە ئۈچۈن بۇلۇتلار ئۇياق - بۇياققا لەيلەپ يۈرىدۇ - يۇ، چۈشۈپ كەتمەيدۇ؟ قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا مۇشۇنداق سوئاللار بولغان ھەم بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئۈستىدە نۇرغۇن قېتىم ئىزدەنگەن. قايتا - قايتا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەر ئاخىرى بۇ تۈگۈننى يېشىپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى.

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، بىز ئاۋۋال بۇلۇتنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنى بىلىشىمىز كېرەك. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئاسماندىكى بۇلۇت يەر يۈزىدىكى سۇ پارىنىڭ قېتىشىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. يەر يۈزىدىكى سۇ تەركىبى زور مىقداردا پارلىنىش ئارقىلىق سۇ پارىغا ئايلىنىدۇ. سۇ پارى ھاۋادىكى چاڭ - توزانلار بىلەن بىرىكىپ يۇقىرى بوشلۇقتا سوغۇق ھاۋاغا يولۇقۇپ، چاڭ - توزاننى مەركەز قىلىپ سۇ تامچىسى ياكى سۇ كىرىستالى بولۇپ شەكىللىنىدۇ. نۇرغۇنلىغان سۇ تامچىلىرى ياكى سۇ كىرىستاللىرى توپلىشىپ، ئېغىرلىق كۈچى سەۋەبىدىن تۆۋەنلەيدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەجمى بەك كىچىك، ماسسىسى بىرقەدەر يېنىك بولغاچقا، ئۆرلىگەن كۈچلۈك ھاۋا ئېقىمىنىڭ كۆتۈرۈشى بىلەن بوشلۇقتا لەيلەپ تۇرىدۇ.

ئۇنداقتا ئۆرلىگەن ھاۋا ئېقىمى نەدىن كېلىدۇ؟ ئۆرلىگەن ھاۋا ئېقىمى ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋالدا شەكىللىنىدۇ: بىرىنچى خىل ئەھۋال تېرمودىنامىكىلىق كۆتۈرۈلۈش. كۈچلۈك قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشى بىلەن يەر يۈزىدىكى ھاۋا ئىسسىقتىن كېڭىيىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆرلىگەن ھاۋا ئېقىمى شەكىللىنىدۇ؛ ئىككىنچى خىل ئەھۋال دىنامىكىلىق كۆتۈرۈلۈش. ھاۋا ئېقىمى ئۆرلەش داۋامىدا ئېگىزلىك قاتارلىق يەر شەكلىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ، شامالغا قارشى يۇقىرى ئۆرلىگەندە ئۆرلىگەن ھاۋا ئېقىمى شەكىللىنىدۇ؛ ئۈچىنچى خىل ئەھۋال تېرمودىنامىكىلىق كۆتۈرۈلۈش بىلەن دىنامىكىلىق كۆتۈرۈلۈشنىڭ بىرلا ۋاقىتتا رول ئوينىشىدىن بولىدۇ. سوغۇق ھاۋا بىلەن ئىللىق ھاۋا ئىلگىرىلەش داۋامىدا ئۇچرىشىپ قالسا، سوغۇق ھاۋانىڭ زىچلىقى چوڭ، ئىللىق ھاۋانىڭ زىچلىقى كىچىك بولغاچقا، ئىللىق ھاۋانى سوغۇق ھاۋا يۇقىرى تەرەپكە قىستايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆرلىگەن ھاۋا ئېقىمى شەكىللىنىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن ئوخشىمىغان رايونلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆرلىگەن ھاۋا ئېقىمى بۇلۇتنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، شۇڭا بۇلۇتلار چۈشۈپ كەتمەيدۇ.



**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېزىز**

**مۇھەررىر: جۇرئەت ھەبىبۇل**

# بۇلۇت قانداق شەكىللەنگەن

بەزىدە بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىغىنىمىزدا، ئاپئاق بۇلۇتلارنىڭ كۆپكۆك ئاسماننى ئاجايىپ تۇسكە كىرگۈزگەنلىكىنى كۆرىمىز. ھەرخىل شەكىلدىكى بۇلۇتلار خۇددى سېھىرگەرلىك ئويۇنى ئويناۋاتقاندەك، ئاسماندىكى شەكلىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ، گاھىدا چېپىپ كېتىۋاتقان تۇلپاردەك، گاھىدا مۇلايىم ئارسلاندەك كۆرۈنىدۇ، گاھىدا بولسا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغ تىزمىلىرىدەك، گاھىدا شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان دەريادەك كۆرۈنىدۇ ... ئەمما بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلار ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىدۇ - دە، كۆك ئاسماندا ئۇلارنىڭ ئاسارىتىمۇ قالمايدۇ. بىزدە ئىختىيارسىز بۇ ئۆزگىرىشچان بۇلۇتلار نەدىن كەلگەندۇ؟ ئۇلار قانداق شەكىللىنىدىغاندۇ؟ دېگەن سوئاللار پەيدا بولۇشى مۇمكىن، بۇ مەسىلىلەر خېلى ۋاقىتلارغىچە كىشىلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ كەلدى، تاكى 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، كىشىلەر ئاندىن بۇلۇتنىڭ ھەقىقىي سىرىنى يەشتى.

ھەممىمىزگە مەلۇم يەر شارى ئەمەلىيەتتە بىر «سۇ شارى» بولۇپ، قۇرۇقلۇق پەقەت يەر شارىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىنىلا ئىگىلەيدۇ. يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى يېتەرلىك سۇ تەركىبى پارغا ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ھەتتا قۇرۇقلۇقتىكى ئۆسۈملۈكلەر تەركىبىدىكى سۇ تەركىبىمۇ ئۈزلۈكسىز پارغا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. سۇ مولېكۇلالىرى پارلىنىپ ھاۋادا سۇ پارىغا ئايلىنىدۇ، ئاندىن ھاۋادىكى چاڭ - توزانلار بىلەن بىرلىشىپ ھاۋا ئېقىمىغا ئەگىشىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. يۇقىرىلىغانسېرى، تېمپېراتۇرا شۇنچە تۆۋەنلەيدۇ، سۇ پارى چاڭ - توزانلارنىڭ ئەتراپىدا سۇ تامچىلىرى بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئەگەر تېمپېراتۇرا نۆل سېلسىيە گرادۇستىن تۆۋەن بولسا، سۇ پارى چاڭ - توزانلارنى مەركەز قىلىپ مۇز كىرىستالى بولۇپ شەكىللىنىدۇ. سۇ تامچىسى بىلەن مۇز كىرىستالىنى بىز بۇلۇت تامچىسى دەپ ئاتايمىز، بۇلۇت تامچىسىنىڭ ھەجمى ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ. زور مىقداردىكى بۇلۇت تامچىلىرى بىرلەشكەندە، ئۆرلىگەن ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە بوشلۇقتا لەيلەپ بۇلۇتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

پارلىنىش ئەۋجىگە چىققاندا، ھاۋادىكى سۇ پارىنىڭ مىقدارى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ - دە، بۇلۇت قاتلىمىمۇ بارغانسېرى قېلىنلايدۇ ھەمدە ئاتموسفېرانىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ ھەر تەرەپكە لەيلەيدۇ، شۇڭا بۇلۇت ھەمىشە يۆتكىلىپ تۇرىدۇ، ھەرىكەت داۋامىدا ناھايىتى تەبىئىيلا ھەرخىل شەكىللەرنى ھاسىل قىلىدۇ.

بۇلۇت ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇلۇتتىكى سۇ پارىنىڭ مىقدارى مۇئەييەن دەرىجىگە يەتكەندە ھەمدە سوغۇق ھاۋاغا يولۇققاندا، يامغۇر، مۆلدۈر، قار قاتارلىق شەكىللەردە زېمىننى زور مىقداردىكى تاتلىق سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تاتلىق سۇغا ئېرىشىشىدىكى مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرىدۇر.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېزىز**

**مۇھەررىر: جۈرئەت ھەبىبۇل**

# دۇنيادىكى ئەڭ ئۆزگىچە ئون چوڭ كۆۋرۈك

دۇنيادىكى كۆۋرۈكلەر ئىچىدە، مەيلى كۆۋرۈك ئۇزۇنلۇقى، ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكى ۋە ياكى ياساش جەھەتتىكى قىيىنلىقى ھەمدە ئۆزگىچىلىكى قاتارلىق جەھەتلەرنى چىقىش قىلىپ ئويلاشقاندا، تۆۋەندىكى كۆۋرۈكلەر گەپ-سۆزسىز ئۆزگىچە ئورۇن تۇتىدۇ.

**1. جۇڭگو دەنياڭ - كۇنشەن ئالاھىدە چوڭ تۆمۈر يول كۆۋرۈكى**

ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن تۆمۈر يول كۆۋرۈكى، شۇنداقلا دۇنيادىكى بىرىنچى ئۇزۇن كۆۋرۈك. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 164.85 كىلومېتىر بولۇپ، 2011 - يىلى پۈتۈپ قاتناش باشلانغان. ئۇ بېيجىڭ - شاڭخەي يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يولىنىڭ دەنياڭدىن كۇنشەنگىچە بولغان بۆلىكىگىچە جايلاشقان بولۇپ، دەنكۇن كۆۋرۈكى دەپ ئاتالغان. بۇ كۆۋرۈكنى ياساش جەريانىدا، كۆۋرۈكنى يول قىلىشتەك يېڭىچە ئۇسۇل ئىشلىتىلگەن. پۈتكۈل قىسمىغا ئاسما شەكىلدىكى كۆۋرۈك ئىشلىتىلگەن بولۇپ، جەمئىي تۆت مىڭدىن ئارتۇق 900 توننا ساندۇقسىمان لىمدىن تۇۋرۈك قوپۇرۇلغان.

**2. جۇڭگو چىڭداۋ دېڭىز قولتۇقى چوڭ كۆۋرۈكى**

چىڭداۋ دېڭىز قولتۇقى چوڭ كۆۋرۈكى يەنە جياۋجوۋ قولتۇقى كۆۋرۈكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن دېڭىزدىن ھالقىغان كۆۋرۈك بولۇپ، كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 36 مىڭ 480 مېتىر كېلىدۇ، 2010 - يىلى قاتناش باشلانغان. بۇ كۆۋرۈك مەملىكىتىمىز ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل لايىھەلەپ ياسىغان دېڭىز ھالقىغان ئالاھىدە چوڭ كۆۋرۈك. ئۇ 2011 - يىلى ئامېرىكا «فوبۇس» ژۇرنىلى تەرىپىدىن «دۇنيادىكى ئەڭ قالتىس كۆۋرۈك» دەپ باھالانغان، 2013 - يىلى خەلقئارا كۆۋرۈك قۇرۇلتىيىنىڭ «گىئورگى رىچاردسېن مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

**3. جۇڭگو جاڭ جياجيې چوڭ جىلغىسى ئەينەك كۆۋرۈكى**

ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ ئېگىز، پۈتۈنلەي سۈزۈك ئەينەكتىن ياسالغان كۆۋرۈك بولۇپ، ئاساسى ئۆتمە ئۇزۇنلۇقى 430 مېتىر، كۆۋرۈك يۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 375 مېتىر، كەڭلىكى ئالتە مېتىر، كۆۋرۈك يۈزىنىڭ جىلغىنىڭ تۆۋەن قىسمى بىلەن بولغان ئارىلىقى 300 مېتىر بولۇپ، دۇنيادىكى تۇنجى قىيپاش تارتىلما ئۇسۇلىدىكى ئېگىز تاغ





جىلغىسىدىكى ئەينەك كۆۋرۈك ھېسابلىنىدۇ. بۇ
كۆۋرۈك شامالغا قارشى ئارقانلىرىنىڭ يوقلۇقى قا-
تارلىق كۆپلىگەن تەرەپلىرى بىلەن دۇنياغا داڭلىق.
ئۇنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، پولات
چېۋىقلىق بېتون تۈۋرۈك ئىشلىتىلمەي، پۈتۈن
كۆۋرۈك يۈزىگە قاتتىقلاشتۇرۇلغان تېپىلىشقا قار-
شى سۈزۈك ئەينەك ياتقۇزۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا،
يەنە تەۋرىنىش كۆرۈلگەندە كونترول قىلىش ئۈ-
چۈن كۆۋرۈك يۈزىگە ئەينەك شارچە ئورۇنلاشتۇ-
رۇلغان.

**4. ياپونىيە ئاكاشى كايكيو چوڭ كۆۋرۈكى**

ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن دېڭىز ئاتلىغان ئاسما
كۆۋرۈك بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3911 مېتىر،
ئاساسىي كۆۋرۈك تۈۋرۈكىنىڭ سوزۇلۇش دەرىجىسى
1991 مېتىر، يان ئاتلىمىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ
960 مېتىرغا يېتىدۇ. بۇ كۆۋرۈك خونشۇ ئارىلى
بىلەن شىكوخۇ ئارىلىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتى-
دىغان بولۇپ، كوبى شەھىرى بىلەن شىكوكۇ ئارى-



لى ئارىسىغا جايلاشقان. پولات كۆۋرۈك مۇنارىنىڭ
ئۇزۇنلۇقى 297 مېتىر بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئې-
گىز كۆۋرۈك مۇنارى ھېسابلىنىدۇ. مۇنارغا 20 دىن
ئارتۇق سۈپەت تۆۋەنلەشتۈرۈش قۇرۇلمىسى ئورنى-
تىلغان بولۇپ، 8.5 بال كۈچلۈك يەرتەۋرەشكە ۋە 80
مېتىرلىق (ھەرسېكۇنتىغا) كۈچلۈك بورانغا بەر-
داشلىق بېرەلەيدۇ.

**5. جۇڭگو خۇبېي سىدۇ دەرياسى تاشيول ئالا-**
**ھىدە چوڭ كۆۋرۈكى**

ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز ئاسما كۆۋرۈك بولۇپ،
كۆۋرۈك يۈزىنىڭ سۇ يۈزى بىلەن بولغان ئارىلىقى
496 مېتىر كېلىدۇ، 2009 - يىلى پۈتۈپ قاتناش
باشلانغان. كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1365
مېتىر، ئاساسىي كۆۋرۈكنىڭ يەككە سوزۇلۇش دا-
ئىرىسىدە 900 مېتىرلىق قوش ئۆگىلىك پولات لىم
بار، ئۇ يەنە مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ يىراققا سوزۇل-
غان ئاسما كۆۋرۈكتۇر. سىدۇ دەرياسى تاشيول ئالا-
ھىدە چوڭ كۆۋرۈكى جۇڭگونىڭ تۇنجى قېتىم مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك ھالدا راكېتادا باش ئارقاننى يەتكۈزۈپ
قۇرۇلۇش قىلىش تېخنىكىسىدا ياسىغان كۆۋرۈكتۇر.

**6. ئاۋىستىرالىيە سىدنېي قولتۇقى چوڭ كۆۋرۈكى**

ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز، ئەڭ كەڭ بولغان
پولات ئەگمە كۆۋرۈك، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1149
مېتىر، كۆۋرۈك يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزى بىلەن بولغان
ئارىلىقى 59 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن كۆۋرۈك ئۈچە-
غىچە بولغان ئارىلىق 139 مېتىر بولۇپ، ئون مىڭ



تونىللىق پاراخوت كۆۋرۈك ئاستىدىن ئۆتەلەيدۇ.
كۆۋرۈك يۈزىنىڭ كەڭلىكى 49 مېتىر. 1932 - يى-
لى ياسالغان، 80 نەچچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ يەنىلا
مۇكەممەل تۇرماقتا.

**7. جۇڭگو گۇيجۇ بېي پەنجياڭ دەرياسى ئالاھى-**
**دە چوڭ كۆۋرۈكى**

ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز قىيپاش تارتىلغان
ئاسما كۆۋرۈك، كۆۋرۈك يۈزىنىڭ سۇ يۈزى بىلەن

بولغان ئارىلىقى 565 مېتىر كېلىدىغان بولۇپ، 265 قەۋەتلىك بىنانىڭ ئېگىزلىكىگە تەڭ كېلىدۇ. ئارتىلىش ئارىلىقى 720 مېتىر، 2016 يىلى قاتناش



باشلاش مۆلچەرلەنمەكتە. بېي پەنجياڭ دەرياسىدا شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر چوڭ كۆۋرۈكمۇ 2016 - يىلى تاماملىنىدۇ. بۇ دەل دۇنيادىكى تۇنجى چوڭ ئۆتمە دىيامېتىرلىق تۆمۈر يول ئەگمە كۆۋرۈكىدۇر. كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 721.25 مېتىر، ئەڭ چوڭ ئارتىلىش ئارىلىقى 445 مېتىر، كۆۋرۈك يۈزىنىڭ دەريا يۈزىگىچە بولغان ئارىلىقى 300 مېتىر، ئۇ شاڭخەي - كۇنمىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يولىنىڭ كۇيجۇ گۇەنلىڭ بىلەن جىڭلوڭ دېگەن جايىنىڭ ئۇچراشقان يېرىگە جايلاشقان.

**8. جۇڭگو شاڭخەي لۇپۇ چوڭ كۆۋرۈكى**

ئۇ دۇنيادىكى تۇنجى چوڭ ئارىلىقتىن ھالقىغان



ئەگمە كۆۋرۈك، ئاساسىي ئۆتۈش ئارىلىقى 550 مېتىر، كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 8722 مېتىر. دۇنيادىكى تۇنجى پۈتۈنلەي كەپشەرلەپ تۇتاشتۇرۇلغان پولات قۇرۇلمىلىق چوڭ تىپتىكى ئەگمە كۆۋرۈك بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ ئومۇمىي كەپشەرلەنگەن جايىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 مىڭ مېتىردىن ئارتۇق، بۇ شاڭخەي شەھىرى ئىچكى ئايلانما ئاسما يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ كېلىدۇ. 2003 - يىلى ياسالغان، سەيلى - ساياھەت قىلىشقىمۇ ماس كېلىدىغان تەرىپى بار.

**9. جۇڭگو شاڭخەي لۇچىڭپېك ئۆتۈشمە كۆۋرۈكى**

ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۆتۈشمە كۆۋرۈك سىستېمىسى. پۈتۈن كۆۋرۈك تۆت قەۋەت، ئۈچ سىستېمىغا بۆلۈنگەن . ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 120 مىڭ كۋادىرات مېتىرلىق رىكورت يارىتىش كۆلىمىگە يەتكەن. بۇ كۆۋرۈك لايىھەلەش تېخنىكىسىدا چوڭ بۆسۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇپ، ئوخشىلىق ھالدا 20 ئۆتۈش يۆنىلىشىنى تۇتاشتۇرۇشتەك قېيىن مەسىلىنى ھەل قىلغان. ئۆتۈشمە كۆۋرۈك 500 موچە كېلىدىغان بولۇپ، ئادەتتىكى ئۆتۈشمە كۆۋرۈك ئىگىلىگەن يەر كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ.

**10. ۋىلادىۋوستوك روسىيە ئارىلى دېڭىز ھالقىما چوڭ كۆۋرۈكى**

ئۇ دۇنيادىكى بىرىنچى چوڭ قىيپاش تارتىلما كۆۋرۈك، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن قىيپاش تارتىلما كۆۋرۈك ھېسابلىنىدۇ. مەركىزى چات ئارىلىقى 1104 مېتىر كېلىدۇ. بۇ كۆۋرۈك ۋىلادىۋوستوك شەھرى بىلەن دېڭىزدىكى ئارالLARنى تۇتاشتۇرىدۇ. ئەڭ ئۇزۇن پولات ئارقاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 580 مېتىرغا، كۆۋرۈك گۈندىسىنىڭ ئېگىزلىكى 324 مېتىرغا ، ئاساسىي لىم ئاسما بىلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 852 مېتىرغا يېتىدۇ، كۆۋرۈك 2012 - يىلى پۈتكەن.

**تەرجىمە قىلغۇچى: جەي شىنرۈي**

**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئادەم بەدىنىدىكى ئەزا كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىدىكى «تۇنجى» لار

### 1. بۆرەك (1954 - يىلى)

ئىنسانلار تارىخىدىكى تۇنجى قېتىم كۆچۈرۈلگەن ئەزا بۆرەكتۇر. ئامېرىكا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى جوسېف ئې مۇرراي بىر جۈپ قوشكېزەك بالىغا بۆرەك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى ئېلىپ بارغان. جوسېف ئې مۇرراي «ئادەم بەدىنىدىكى ئەزالار ۋە ھۈجەيرە كۆچۈرۈش تەتقىقاتى»دىكى كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى ئۈچۈن 1990 - يىلىدىكى نوبېل فىزىيولوگىيە ياكى مېدىتسىنا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

### 2. يىلىك (1956 - يىلى)

ئامېرىكىلىق دوختۇر ئېدۋارد دونال توماس تۇنجى بولۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىر ئاق قان كېسىلى بىمارىغا يىلىك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى ئېلىپ بارغان. 1990 - يىلى، ئۇ دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئەزا كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان جوسېف ئې مۇرراي بىلەن بىرلىكتە نوبېل فىزىيولوگىيە ياكى مېدىتسىنا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

### 3. جىگەر (1963 - يىلى)

دۇنيادا تۇنجى قېتىملىق جىگەر كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىنى «جىگەر كۆچۈرۈش ئاتىسى» دەپ نام ئالغان ئامېرىكىلىق توماس ستارزل مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بارغان. ۋەھالەنكى تۇنجى قېتىملىق ھايات تەندىن جىگەر كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى بولسا، ئۇنىڭدىن 25 يىل كېيىن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، يەنى 1988 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بىرازىلىيە ساۋپاۋلو تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دوختۇر رايا ئېلىپ بارغان. بىمار بولسا تۆت يېرىم ياشلىق قىزچاق بولۇپ، جىگەر بىلەن تەمىنلىگۈچى بولسا، ئۇنىڭ 23 ياشلىق ئاپىسى ئىدى، ئوپېراتسىيەدىن كېيىن بىماردا ئېغىر دەرىجىدە گېمولىز (قان ئېرىش) ئالامىتى كۆرۈلۈپ، ئالتىنچى كۈنى بۆرەك ئىقتىدارى زەئىپلىشىش تۈپەيلى ئۆلۈپ كەتكەن.

### 4. ئۆپكە (1963 - يىلى)

خاردىي قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر ئىنسانلار تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئۆپكە سول قانىتىنى كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى ئېلىپ بارغان، ئەمما بىمار پەقەت 18 كۈنلا ھايات كەچۈرەلىگەن.

### 5. ئاشقازان ئاستى بېزى (1966 - يىلى)

ئامېرىكا مىننېسوتا شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرلىرى دۇنيا بويىچە تۇنجى ئاشقازان ئاستى بېزىنى كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بارغان.

### 6. يۈرەك (1968 - يىلى)

جەنۇبىي ئافرىقىلىق دوختۇر كرىستىيان بارنارد كېپتوندىكى بىر دوختۇرخانىدا ئىنسانلار تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق يۈرەك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. يۈرەك قوبۇل قىلغۇچى ۋاشكانسكىي قاتناش ۋەقەسىدە قازا قىلغان 25 ياشلىق ئايالنىڭ يۈرىكىنى كۆچۈرگەندىن كېيىن، 18كۈنلا ھايات كەچۈرەلىگەن.

### 7. قول (1999 - يىلى)

رېن شياۋپىڭ ئامېرىكىنىڭ «كلارنات قول مىكروسكوپ تاشقى كېسەللىكلەر مەركىزى» دە ئىنسانلار تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق يات تەن ئارا قول كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى (CAT) گە قاتنىشىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، بۇ كېسەللىك مىسالى ھازىرغىچە ھايات كەچۈرۈۋاتقان بولۇپ، 17 يىل بولغان. ئۇ خەلقئارادىكى يات تەن ئارا قول كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسى (CAT) دىكى ھايات قېلىش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان مۇۋەپپەقىيەت مىسالى بولۇپ قالدى.

### 8. بالىياتقۇ (2012 - يىلى)

تۈركىيەلىك داڭلىق تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئۆمەر ئۆزكان بىر گۇرۇپپا داۋالاش ئەترىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، تۈركىيەنىڭ ئانتالىيە شەھىرىدىكى ئاق دېڭىز ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى دوختۇرخانىدا دۇنيا بويىچە تۇنجى قېتىملىق بالىياتقۇ كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلغان.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مەستىمىن مەمەت**

**مۇھەررىر : پەزىلەت تۇرغۇن**

# ئادەملەر نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خورەك ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتمەيدۇ

ئادەم ئۇخلاۋاتقاندا، كالپۇك، تىل، پېشانە، ئېڭەك مۇسكۇللىرى خالىغانچە ماسلىشىپ كېتەلمىگەچكە، ھەرخىل كاۋاكچىلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. لېكىن كېكىردەك باشتىن ـ ئاخىرى ئوچۇق ھالەتتە تۇرىدۇ. ئەگەر بۇرۇن پاسىلىدىن چىققان خورەك ئاۋازى، بۇرۇن مونچاق گۆشى قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇرۇن قىسمى تارىيىش، يۇتقۇنچاق تارىيىش ياكى بادامبەز چوڭىيىش، يۇتقۇنچاق بوشاپ كېتىش، كىچىك تىل ئۇزىراش قاتارلىقلار ۋە ياكى تىلى سەمرىپ كېتىش، تىل تۈۋىدە ئۆسمە پەيدا بولۇش، تىل ئارقىغا تارتىلىش قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقارغان يۇتقۇنچاق بوشلۇقىنىڭ تارىيىشى، شۇنداقلا ئېغىزنىڭ غەيرىي بولۇپ قېلىشى، ئېڭەكنىڭ غەيرىي بولۇپ قېلىشى، سەمرىپ كېتىشلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ قانالنىڭ تارىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يوچۇق ھاسىل قىلىدۇ، بۇ يەردىن ھاۋا ئېقىمى ئۆتۈشكەندە يېقىمسىز ئاۋازنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ دەل خورەك تارتىشتۇر. سېمىزلەر، يۇتقۇنچاق مۇسكۇللىرى بوشاشقانلار، گېلى يۇقۇملانغانلارنىڭ ھەممىسى خورەك تارتىدىغانلار ھېسابلىنىدۇ.



ئۇنداقتا قاتتىق خورەك تارتىدىغانلار نېمىشقا ئۆزلىرىنىڭ خورەك ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتمەيدۇ؟

ئادەملەرنىڭ تېنىدە ئۆزىدىن چىققان ئاۋازلارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ بىرتەرەپ قىلىش مېخانىزمى بولغاچقا، ھەرقايسى ئەزالار چىقارغان شاۋقۇنلارغا ئۇنچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ. خورەك تارتىش ئادەتتە قاتتىق ئۇخلاۋاتقان مەزگىلدە يۈز بەرگەچكە، خورەك ئاۋازى 100 دېتسىبىلدىن ئېشىپ كەتسىمۇ، قاتتىق ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى ئويغىتىۋېتىشى ناتايىن، لېكىن قاتتىق ئۇخلاپ كەتمىگەن ئادەمگە قارىتا ئېيتقاندا 80 دېتسىبىل ئەتراپىدىكى ئاۋاز ئويغىتىۋېتەلەيدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئويغانغانلىقىنى ئۆزى سېزەلمەيدۇ. قاتتىق ئاۋازدا تارتىلغان خورەكتىن بەزىدە خورەك تارتقان ئادەمنىڭ ئۆزى چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتسىمۇ، ئەمما پەقەت بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدە پۈتۈنلەي تولۇق ئويغىنىپ بولالمىغانلىقتىن، يەنە داۋاملىق ئۇخلاۋېرىدۇ. ئەتىسى خورىكىدىن ئويغىنىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلا ئېسىگە ئالالمايدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مېھراي ياسىن**
**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر ئېزىز**

# بەش تۈرلۈك كىشىلەر يازدا زەنجىۋىلنى كۆپ يېيىشى كېرەك

قەدىمدىن بۇيان، زەنجىۋىل جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن يازدا كەم بولسا بولمايدىغان يېمەكلىك بولۇپ كەلگەن. كۆپىنچە كىشىلەر بىلمەسلىكى مۇمكىن، تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك كىشىلەر زەنجىۋىلنى كۆپ يېسە پايدىسى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

**ئىشتىھاسى ناچار كىشىلەر** ياز كەلگەن ھامان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالىدۇ. ھېچقانداق يېمەكلىكنى يېگۈسى كەلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۈندە روھسىز يۈرۈش، تېنى ئاجىزلاش ئالامەتلىرى كېلىپ چىقىدۇ. خەلق ئارىسىدا، «تاماق يېيەلمىسا زەنجىۋىل يېيىش لازىم» دېگەن ماقال - تەمسىل بار. جۇڭگو تېبابىتىنىڭ قارىشىچە، زەنجىۋىل ئۆزگىچە ئاچچىق - چۈچۈك تەمگە ئىگە بولۇپ، ئىشتىھانى ئىدىقلاپ، تالنى ساغلاملاشتۇرۇپ ئىشتىھانى ئاچىدىكەن. ھازىرقى زامان مېدىتسىنا نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زەنجىۋىلنىڭ تەركىبىدە زەنجىۋىل پېرمېنتى بار بولۇپ، ئۇ قان ئايلىنىشىنى كۈچەيتىپ، ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىشىنى ئىدىقلاپ، ھەزىم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاشقازاننى ساغلاملاشتۇرۇش، ئىشتىھانى ئېچىش رولىنى ئوينايدىكەن. شۇڭا ئىشتىھا تۇتۇلغاندا بىر پارچىدىن ئۈچ پارچىگىچە زەنجىۋىل يېگەندە ئىشتىھانى ئاچىدىكەن. ئەگەر زەنجىۋىلنىڭ پۇرىقىنى قوبۇل قىلالمىسا، زەنجىۋىلنى ئاچچىقسۇغا چىلاپ قويغاندىن كېيىن يېسە زەنجىۋىلنىڭ پۇرىقىنى يېنىكلەتكىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئاچچىقسۇنىڭ ئاچچىق - چۈچۈك تەمى ئىشتىھانىڭ ئېچىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، زەنجىۋىلدىن تەييارلانغان چاي ئىشتىھانى ئېچىپ ھەزىم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى - ئۈچ پارچە زەنجىۋىلنى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ ئىچسىمۇ بولىدۇ.

**ئۇزۇن مۇددەت ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك مۇھىتتا تۇرىدىغان كىشىلەر** قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن كۈنلىرى ئائىلىدە، ئىشخانىدا، ئاپتوموبىلدا، سودا سارايىدا ۋە تاللا بازارلىرىدا كىشىلەر ھاۋا تەڭشىگۈچتە سالقىنلايدۇ. بىراق ھاۋا تەڭشىگۈچتە سالقىنلاش ۋاقتى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتسە باش ئاغرىش، باش قېيىش، كۆڭلى ئېلىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، قورساق ئاغرىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مۇۋاپىق مىقداردا زەنجىۋىل يېگەندە ياز پەسلىدىكى قۇياش نۇرىنىڭ ھارارىتىگە ماسلاشقىلى بولىدۇ. بۇ «خۇاڭدى ئىچكى رىسالىسى» دە ئېيتىلغان ئەتىياز ۋە يازدىكى قۇياش نۇرىدا كۈتۈنۈش توغرىسىدىكى نەزەرىيەگە ئۇيغۇن بولۇپ، ھاۋا تەڭشىگۈچتىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالىغىلى بولىدۇ. خىزمەتچى خادىملارغا قارىتا ئېيتقاندا، يازدا دائىم زەنجىۋىل چېيى ئىچىپ بەرسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇنىڭدا ئۈچ پارچىدىن بەش پارچىگىچە زەنجىۋىلنى قايناق سۇغا چىلاپ قىزىق پېتى ئىچىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، دائىم زەنجىۋىل ئۇمىچى ئىچىپ بەرسىمۇ ھاۋا تەڭشىگۈچ پەيدا قىلىدىغان كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى بولسا، 10 گىرام زەنجىۋىل ۋە 50 گىرام گۈرۈچ تەييارلاپ، گۈرۈچنى پاكىز يۇيغاندىن كېيىن سۇ قۇيۇپ قاينىتىپ ئۇماچ ھالىتىگە كەلتۈرىمىز، پىشاي دېگەندە زەنجىۋىل سې-

www.uyghurkitap.com



لىپ گۈرۈچ پىشقىچە قاينىتىپ ئاندىن ئىچسە بولىدۇ.

**ئاشقازىنىنى سوغۇق قاپلاپ كەتكەنلەر** پىژغىرىم ياز كۈنلىرى سوغۇق ئىچىملىك ۋە مېۋە - چېۋىلەر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ياردەمچى ھېسابلىنىدۇ. بىراق ئاشقازىنىنى سوغۇق قاپلاپ كەتكەنلەرگە قارىتا ئېيتقاندا، بۇ يېمەكلىكلەر ئۇلاردا ئاشقازان ئاغرىش ۋە ئىچى سۈرۈش ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. جۇڭگو تېبابىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زەنجىۋىلنىڭ تەمى قاڭسىق، تەبىئىتى مۆتىدىل بولۇپ، ئاشقازىنىنى سوغۇق قاپلاپ كېتىشتىن كېلىپ چىققان ئاشقازان ئاغرىش، ياندۇرۇش ۋە سوغۇققا ئۇچراشتىن كېلىپ چىققان قورساق ئاغرىش، ئىچى سۈرۈش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش قاتارلىق ئەھۋاللارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئاشقازىنىنى سوغۇق قاپلاپ كەتكەنلەر ئەتىگەندە زەنجىۋىل سۈيى ئىچكەندە زەنجىۋىل سۈيى ئادەم بەدىنىنىڭ سەھەردىكى قۇياش نۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە ماسلىشىشىنى كۈچەيتىدۇ، ئۇنىڭ ئاشقازاننى ئىللىتىش ئۈنۈمىمۇ ئالاھىدە ياخشى. ئۇنىڭدىن باشقا، سوغۇق سەي تەييارلىغاندا ئازراق زەنجىۋىل پارچىسى سېلىۋەتسە، سوغۇق سەينى مۆتىدىل قىلىپ، ئادەم بەدىنىدىكى سوغۇق يەلنى ھەيدەيدۇ. بۇنداق تەييارلانغان سوغۇق سەيلەر ئاشقازىنىنى سوغۇق قاپلاپ كەتكەنلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ. زەنجىۋىلنىڭ يەنە باكتېرىيەنى يوقىتىش رولى بولۇپ، ئىشتىھا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

**سوغۇق تېگىشتىن زۇكام بولغان كىشىلەر** ياز پەسلىدە كىلىمات ئۆزگىرىشچان بولىدۇ، ئەگەر ئۇزۇن ۋاقىت شامالدۇرغۇچتا سالقىنلىغاندا، ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ تېمپېراتۇرىسى بەك تۆۋەن بولسا، سوغۇق ئىچىملىك كۆپ ئىچىلسە، سوغۇق تېگىشتىن تۇرلۇك ئارامسىزلىنىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىدۇ. سوغۇق تېگىشتىن بولغان زۇكاملاردا سوغۇقتىن قورقۇش، باش ئاغرىش، يۆتىلىپ بەلغەم كېلىش، بۇرنى پۈتۈپ قېلىش ياكى بۇرنىدىن سۇ ئېقىش، تەرلىمەسلىك، تىلىنىڭ ئۈچى ئاقىرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قارا شېكەر قوشۇلغان بىر قاچا زەنجىۋىل شورپىسى ئىچسە ئارامسىزلىنىشنى ئۈنۈملۈك پەسەيتكىلى بولىدۇ. چۈنكى زەنجىۋىلنىڭ تەبىئىتى مۆتىدىل بولۇپ، قىزىقنى ياندۇرۇش، سوغوقنى تارقىتىش ئۈنۈمىگە ئىگە. قارا شېكەر قاننى ئاسراش ۋە قاننى جانلاندۇرۇش رولىغا ئىگە بولۇپ، زەنجىۋىل بىلەن قوشۇلغاندا سوغۇق تېگىشتىن بولغان زۇكامنى ساقايتالايدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى بولسا، زەنجىۋىلدىن 10 گىرام، قارا شېكەردىن 15 گىرام تەييارلىنىدۇ، ئالدى بىلەن پاكىز يۇيۇپ قەلەمچە قىلىپ توغراپ قايناق سۇغا بەش مىنۇت چىلايمىز، ئاندىن بوش ئوتتا ئىككى - ئۈچ مىنۇت قاينىتىپ، قارا شېكەر قوشۇپ تەڭشەيمىز. قارا شېكەر شورپىسى سوغۇق تېگىشتىن بولغان زۇكام ياكى يامغۇردا قېلىشتىن كېلىپ چىققان ئاشقازانغا سوغۇق تېگىشكە ماس كېلىسمۇ، ئىسسىقتىن بولغان زۇكامغا ماس كەلمەيدۇ.

**ئاپتوموبىلغا ئولتۇرغاندا بېشى قايىدىغان كىشىلەر** ئاپتوموبىلغا ئولتۇرغاندا باش قېيىش كېسىلى بار كىشىلەر ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇشتىن قورقىدۇ، بولۇپمۇ ھاۋا ئىسسىق ياز كۈنلىرى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىققاندا باش قايىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇشتىن يېرىم سائەت بۇرۇن زەنجىۋىلدىن ئىككى پارچە كېسىپ ئاغزىغا سېلىۋالسا ياكى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرغاندا زەنجىۋىلدىن بىر پارچە كېسىپ شوراپ ئولتۇرسا باش قېيىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. چۈنكى زەنجىۋىل ئاشقازاننى ساغلاملاشتۇرۇش، ياندۇرۇشنى توختىتىش رولىنى ئوينايدۇ. زەنجىۋىل يەنە ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى كۆڭلى ئېلىشىش، ياندۇرۇش ئالامەتلىرىنى يېنىكلىتەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ھامىلدار ئاياللار يېنىدا داۋاملىق زەنجىۋىل چېيىنى ئېلىۋېلىشى زۆرۈر. قولى ۋە پۇتىنىڭ ئالقىنى قىزىيدىغان، قەۋزىيەت، ئاغزى سېسىق پۇرايدىغان، تۈكۈرگەندە سېرىق تۈكۈرىدىغان كىشىلەر زەنجىۋىل ئىچىشكە ماس كەلمەيدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد تۇراپ**

**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر ئېزىز**

# تۇز — دىيابېتنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشتۇرغۇچىسى

2009 - يىلدىن بۇيان، فىرانسىيەدە 200 مىڭغا يېقىن ئېغىر دىيابېت كېسىلى بىمارلىرى ئاشقازانغا ياندىن يول ياساش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرغان. بۇ خىل ئاشقازان ئوپېراتسىيەسى II تىپلىق دىيابېت كېسىلى بىمارلىرى ئۈچۈن مۆجىزە خاراكتېرلىك داۋالاش بولۇپ، بىمارنىڭ تېنىدىكى قان شېكىرى كۆرسەتكۈچىسىنى ناھايىتى تېز چۈشۈرگەن. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن بەزى بىمارلار ھەتتا بەدەن ئېغىرلىقى چۈشمەستىنلا دىيابېت كېسىلىگە قارشى دورىلارنى يېيىشنى كېمەيتكەن ۋە توختاتقان.

بۇ تاسادىپىي بولغان خۇش خەۋەرنىڭ كەينىدىكى فىزىيولوگىيەلىك مېخانىزمغا يېقىندا فىرانسىيە دۆلەتلىك ساغلاملىق ۋە تېببىي تەتقىقات ئورنىغا (INSERM) قاراشلىق لىيل رايونلۇق دوختۇرخانىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى ئېنىق چۈشەنچە بەرگەن. ئۇلارنىڭ «ھۆجەيرە مېتابولىزمى» ژۇرنىلىغا باسقان تەتقىقات دوكلاتىدا، بىر تەرەپتىن تۇزنىڭ قوبۇل قىلىنىشى قانداق قىلىپ ئادەم قېنىنىڭ شېكەرنى سۈمۈرۈش نىسبىتىنى تېزلىتەلەيدىغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن يېمەكلىكنى ئايلاندۇرۇپ ئەزالارغا يەتكۈزۈپ ھەزىم قىلدۇرىدىغان ئاشقازانغا ياندىن يول ياساش ئوپېراتسىيەسىنىڭ تۇزنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تەسىرىنى تۆۋەنلىتەلەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

تەجرىبىدە، تەتقىقاتچىلار تەقلىدىي ئوپېراتسىيەنىڭ ئۈنۈمى ئارقىلىق مۇناسىپ ھالدىكى يېمەك - ئىچمەك لايىھەسىنى تۈزۈپ چىققان. مەسىلەن، تۇز بىلەن شېكەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى بىرلا ۋاقىتتا تۆۋەنلىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا كۆزىتىش ئارقىلىق بۇ خىل ئېففېكتنىڭ كۆپەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئاشقازانغا ياندىن يول ياساش ئوپېراتسىيەسى قىلغاندىن كېيىن، ئادەم بەدىنى قوبۇل قىلغان ئوزۇقلۇق ماددىلار پەقەت ئىنچىكە ئۈچەينىڭ تۆۋەنكى قىسمى يەنى ئاچچىق ئۈچەي ۋە ئون ئىككى بارماق ئۈچەي تۇتاشقان يەردە ئۆت سۇيۇقلۇقى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ھالبۇكى گلۇكوزا پەقەت ئۆت سۇيۇقلۇقى ھەمدە ئۆت كىسلاتا تۇزى بىلەن ئۇچراشقاندا ئاندىن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەتقىقاتچىلار يەنە، ئوپېراتسىيەدىن كېيىن بىمارنىڭ تامىقىغا تۇز قوشقاندا شېكەرنىڭ ئىنچىكە ئۈچەينىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى قوبۇل قىلىنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم قىلىپ، قان شېكىرىنى ئۆرلىتىۋېتىدىغانلىقىنى بايقىغان.

مەزكۇر تەتقىقات تۇزنىڭ قان شېكىرىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدە تەسىرى بارلىقىنى ئىسپاتلىغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ سانلىق مەلۇماتلار دىيابېت كېسىلىنى كونترول قىلىش ھەتتا ئالدىنى ئېلىشتا رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان بولۇپ، يېمەك - ئىچمەك ئارقىلىق ئىنچىكە ئۈچەينىڭ گلۇكوزىنى قوبۇل قىلىشىنى تەڭشەيدىكەن. مەسىلەن، دىيابېت كېسىلى بىمارى بىر ۋاقىتتا تۇز ۋە شېكەرنى قوبۇل قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنەۋۋەر ئېزىز**

**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com



# بەل ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسى پولتىيىپ چىقىش كېسىلىگە ھوكۇم قىلىش ئۇسۇلى

نۇرمۇھەممەت ئىمىن روزى
(پەيزىۋات ناھىيەلىك نۇرمۇھەممەت سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزى)

بەلنىڭ تۆۋەنكى قىسمى ئاغرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ. بەل ئومۇرتقىسىنىڭ تۇغما غەيرىيلىكى، يارىلىنىش، ياللۇغلىنىش، ئۆسمە ۋە ئىچكى كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى بەل ئاغرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بەل ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسى پولتىيىپ چىقىپ قېلىش كېسىلى پەقەت بەل ئاغرىتىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ بىر خىلىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن بەل ئاغرىقىنى زادى قايسى كېسەللىكنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى بەزىدە ھەتتا دوختۇرمۇ پەرق ئېتەلمەي قالىدۇ. لېكىن بەل ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسى پولتىيىپ چىقىپ قېلىش بىر خىل مۇستەقىل كېسەللىك بولغاچقا، ئۇنىڭدا بەلگىلىك ئالاھىدىلىك بولىدۇ. بەزىدە بىمارلار سەللا دىققەت قىلسا ئۆزىدە بەل ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسى پولتىيىپ چىقىش كېسىلى بار - يوقلۇقىنى بايقىۋالالايدۇ. بۇنداق بولغاندا، دوختۇرخانىغا بېرىپ قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، داۋالاتسا بولىدۇ.

بىماردا ئۇشتۇمتۇت بېلى ئاغرىش، پۇتى ئۇيۇشۇش ۋە ئاغرىش قاتارلىق بىرقاتار ئالامەتلەر كۆرۈلسە، تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن ئۆز - ئۆزىنى كۆزەتسە بەل ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسى پولتىيىپ چىقىش كېسىلى بار - يوقلۇقىغا ھوكۇم قىلغىلى بولىدۇ.

1. بەل ئۇشتۇمتۇت قايرىلىپ كەتكەندە ئاقساپ قېلىش، يەنى بىر قولىدا بەلنى تۇتۇپ ياكى ئاغرىغان پۇتى بىلەن يەرگە دەسسەپ مېڭىشتىن قورقۇپ بىر پۇتلاپ سەكرەپ مېڭىش؛

2. بەلنى ئاياپ بىر يانغا تايىنىۋېلىپ، ئاغرىقنى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتىشكە ئۇرۇنۇش؛

3. بىر ياكى بىرنەچچە قېتىم يەڭگىل يۆتەلسە بەل ئاغرىش ئالامەتلىرى ئېغىرلىشىش. يۆتىلىش، چۈشكۈرۈش، چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىش قاتارلىق قورساق بېسىمىنى ئاشۇرىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلغاندىمۇ بەل ئاغرىش؛

4. ئۇخلىغاندا يېتىپ ئارام ئالغاندا ئاغرىق پەسەيمەي بەل، يانپاش تىزنى پۈكۈپ يانچە ياتسا ئاغرىق پەسىيىش؛

5. دۈم ياتقاندا ئۆزى ياكى باشقا بىرى بەل ئومۇرتقىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئىككى يېنىنى يەڭگىل باسقاندا ئاغرىق ھېس قىلىش؛

6. ئۇخلىغاندا يېتىپ ئاغرىغان پۇتنى تۈز سۇنۇپ ئېگىز كۆتۈرگەندە ئاغرىش سەۋەبىدىن پۇتنى كۆتۈرەلمەسلىك؛

7. ئاۋۋال ئۇخلىغاندا يېتىپ ئاندىن گەۋدە قىسمىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئولتۇرغاندا ئاغرىق سەۋەبىدىن پۇتى يىغىلىپ قېلىش.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرنەچچە خىلى ئۇيغۇن كەلسىلا، بەل ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسى پولتىيىپ چىقىش كېسىلىدىن گۇمانلانسا بولىدۇ. لېكىن كېسەللىكنى ئېنىقلاش ئۈچۈن يەنىلا دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈنۈش كېرەك.

**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**

# سىرلىق ھاۋارايى

بىز ياشاۋاتقان يەر شارى ئاجايىپ سىرلىق ھاۋارايى ھادىسىلىرى بىلەن گۈزەلدۇر. كۆپ كۆرۈلىدىغان ھاۋارايى ھادىسىلىرىدىن باشقا، بەزىدە يەر شەكلى ۋە كىلىمات شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن، ئاز بولمىغان سىرلىق ئالاھىدە ھاۋارايى مەنزىرىلىرى كۆرۈلۈپ، تەبىئەتكە تېخىمۇ ئۆزگىچە گۈزەللىك ئاتا قىلىدۇ.

## ھەسەن - ھۈسەن

ھەسەن - ھۈسەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ گۈزەل ئوپتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. قۇياش نۇرى يامغۇر تامچىسى، تۇمان تامچىسى قاتارلىق سۇ تامچىلىرىدىن ئۆتكەندە، قۇياش نۇرىدىكى ئوخشىمىغان دولقۇن ئۇزۇنلۇقتىكى نۇرلار ئوخشىمىغان بۇلۇڭدىكى نۇر سۇندۇرۇش ۋە نۇر قايتۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇلار سۇ تامچىلىرىدىن ئۆتكەندە يامغۇر پەردىسى ياكى تۇمان پەردىسى ئۈستىدە ھەسەن - ھۈسەن پەيدا بولىدۇ. ئادەتتە سۇ تامچىلىرى قانچە چوڭ بولسا، ھەسەن - ھۈسەنمۇ شۇنچە رەڭلىك ھەم يورۇق بولىدۇ. ھاۋادىكى سۇ تامچىلىرى يوقالغاندىن كېيىن ھەسەن - ھۈسەنمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقايدۇ.





## ھەسەن - ھۈسەن شولىسى

بەزىدە ھەسەن - ھۈسەننىڭ ئۈستىدە بىر تال ھەسەن - ھۈسەنگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان يەتتە خىل رەڭلىك يورۇقلۇق بەلبېغى كۆرۈنىدۇ، بىراق ئۇنىڭ رەڭگى ھەسەن - ھۈسەندىن تۇتۇقراق، سۇسراق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەتتە خىل رەڭنىڭ تىزىلىش تەرتىپى ھەسەن - ھۈسەننىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بۇ ھەسەن - ھۈسەن شولىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ھەسەن - ھۈسەن شولىسىنىڭ شەكىللىنىشى قۇياش نۇرىنىڭ سۇ تامچىسى ئىچىدە بىر قېتىم ئارتۇق نۇر قايتۇرغانلىق سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. نۇر قايتۇرۇش جەريانىدا بىر قىسىم ئېنېرگىيە خورىغاچقا، ھەسەن - ھۈسەن شولىسىنىڭ رەڭگى ھەسەن - ھۈسەنگە قارىغاندا تۇتۇقراق بولىدۇ.

## چاقماق

چاقماق دېگىنىمىز مۇسبەت زەرەت بىلەن مەنپىي زەرەتنى ئېلىپ يۈرگەن بۇلۇت قاتلىمى ئوتتۇرىسىدا ياكى بۇلۇت بىلەن يەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان زەرەت قويۇپ بېرىش ھادىسىسىدۇر. چاقماق، يىپسىمان، تاسمىسىمان ۋە شارسىمان قاتارلىق شەكىللەردە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شارسىمان چاقماق شار شەكلىدە بولۇپ، دىيامېتىرى 10 - 20

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





سانتىمېتىر كېلىدۇ، رەڭگى قىزىل، سېرىق، قىزغۇچ سېرىق قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. ئۇ مورا، دېرىزە يوچۇقلىرىدىن ئۆيگە كىرىدۇ، ئۆچكەن ۋاقىتتا پارتلايدۇ ھەم قاتتىق ئاۋاز چىقىدۇ، بەزىدە ئىمارەتلەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ئوت ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۈچلۈك چاقماق توك ئېقىمى تېزلىكتە ئاتموسفېرانى تېشىپ ئۆتكەندە، جىددىي تەۋرىنىش دولقۇنى پەيدا بولىدۇ، جىددىي تەۋرىنىش دولقۇنى تېزلىكتە ئاۋاز دولقۇنىغا ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن گۈلدۈرماما ئاۋازى پەيدا بولىدۇ. گۈلدۈرماما بىلەن چاقماق بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈلىدۇ، بىراق يورۇقلۇق تېزلىكى ئاۋاز تېزلىكىدىن تېز بولغاچقا، كىشىلەر ئالدى بىلەن چاقماقنى كۆرۈپ، ئاندىن گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ.

## بۇددا نۇرى

ئېمېي تېغى، خۇاڭشەن تېغى قاتارلىق ئېگىز تاغلارنىڭ تاغ چوققىسىدا كىشىلەر بەزىدە قۇياشنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۇلۇتلۇق تۇمان ئۈستىدە بىر ئايلانما يەتتە خىل رەڭگە ئوخشاپ كېتىدىغان چوڭ نۇر ھالقىسىنى كۆرىدۇ. ئۇ بۇدىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى نۇر ھالقىسىغا ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇ بۇددا نۇرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇددا نۇرى ئوخشاشلا قۇياش نۇرىنىڭ بۇلۇت قەۋىتىدىكى سۇ تامچىلىرىدىن ئۆتكەندە نۇر سۇندۇرۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ھەسەن - ھۈسەنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

## قۇتۇپ نۇرى

يەر شارى ماگنىتلىق قەۋىتى ياكى قۇياشتىن كەلگەن يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك زەرەتلەنگەن زەررىچىلەر يەر شارىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپىدىكى ئېگىز قەۋەت ھاۋا بوشلۇقىغا كىرگەندە، ئاتموسفېرادىكى ئاتوم ۋە مولېكۇلاغا سوقۇلۇپ، چىرايلىق رەڭگارەڭ چاقناپ تۇرغان نۇرنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ قۇتۇپ نۇرى دەپ ئاتىلىدۇ. شىمالىي يېرىم شاردا كۆرۈلىدىغان قۇتۇپ نۇرى شىمالىي



قۇتۇپ نۇرى، جەنۇبىي يېرىم شاردا كۆرۈلىدىغان قۇتۇپ نۇرى جەنۇبىي قۇتۇپ نۇرى دەپ ئاتىلىدۇ. قۇتۇپ نۇرى ئادەتتە بەلباغسىمان، يايسىمان، پەردىسىمان، نۇرسىمان قاتارلىق ھالەتلەردە بولىدۇ.

## شەپەق

شەپەق كۈن چىقىش ۋە كۈن ئولتۇرۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە، قۇياشنىڭ ئەتراپىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا كۆرۈلىدىغان بىر خىل رەڭگارەڭ ھادىسىدۇر. بۇ خىل ھادىسە قۇياش ئاتموسفېرا قاتلىمىدىن ئۆتكەندە، ھاۋادىكى چاڭ - توزان قاتارلىق مىكرو دانىچىلاردا چېچىلىش يۈز بەرگەنلىكتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ جەرياندا، قۇياش نۇرىدىكى دولقۇن ئۇزۇنلۇقى قىسقىراق بولغان كۆك، يېشىل، سۆسۈن قاتارلىق نۇرلار ئاجىزلاپ، قىزىل، سېرىق، قىزغۇچ سېرىق قاتارلىق دولقۇن ئۇزۇنلۇقى ئۇزۇنراق بولغان نۇرلار چېچىلىپ بارىدۇ، شۇڭا شەپەقنىڭ رەڭگى ئادەتتە قىزىل، سېرىق، قىزغۇچ سېرىق رەڭلەردە بولىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: جۈرئەت ھەبىبۇل**

**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**

# ھاۋادىكى يېمەكلىك خۇرۇچى

ھاۋانىڭ تەركىبىدىكى 21% ئوكسىگېن ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساسىي شەرتتۇر. بىراق ئوكسىگېن يەنە يېمەكلىكنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر. بىر تەرەپتىن ئوكسىگېن باكتېرىيە، زەمبۇرۇغ قاتارلىق چىرىتكۈچى ماددىلارنىڭ كۆپىيىشىگە پايدىلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياغنىڭ ئوكسىدلىنىپ بىر خىل پۇراق چىقىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداقلا تەبىئىي پىگمېنتلارنىڭ ئوكسىدلىنىپ رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ۋە بىر قىسىم ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئوكسىدلىنىپ قۇۋۋىتىنى يوقىتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئوكسىگېنغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يېمەكلىك كارخانىلىرى ۋاكۇئۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بۇ خىل ئۇسۇل ئىسسىق تاماق، گۇرۇچ، چاي قاتارلىق يېمەكلىكلەردە ناھايىتى ئومۇملاشتى. بىراق بۇ ئۇسۇل ھەممە يېمەكلىكلەرگە ماس كېلىۋەرمەيدۇ. بولكا، تورت قاتارلىق كۆپتۈرمە يېمەكلىكلەر بېسىلىپ كەتسە بولمايدۇ. ئەگەر خالتىلىق بەرەڭگە ياپراقچىسى، پېچىنە قاتارلىق يېمەكلىكلەرگە ۋاكۇئۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ئۇنى ئىستېمالچىلار قولىغا ئالغاندا بەلكىم ئۇۋۇلۇپ كەتكەن ھالىتىنى كۆرۈشى مۇمكىن. ۋاكۇئۇملاشتۇرۇشقا قارشى بولغان يەنە بىر خىل پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلى بولسا يەل تولدۇرۇش ئۇسۇلىدۇر. داۋاملىق ئىشلىتىلىدىغىنى بولسا ئازوت گازى، كاربون (IV) ئوكسىد، ئوكسىگېن قاتارلىق گازلارنى نىسبەتلەشتۈرۈپ تەڭشىگەن گازلاردۇر. ئۇنىڭ ئىچىدە ئازوت ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، تەخمىنەن داۋاملىق ئىشلىتىدىغان گازلارنىڭ 90% نى ئىگىلەيدۇ.

يېمەكلىك سانائىتىدە، ئازوت يېمەكلىك خۇرۇچى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، يەنى ئۇ پىششىقلاپ ئىشلەشتىكى ياردەمچى دورا تۈرىگە تەۋە.

### ئازوت بىخەتەرمۇ؟

ئازوت گازى بىلەن ھاۋانى چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق، ئوكسىگېنسىز شارائىت يارىتىلىپ باكتېرىيە، زەمبۇرۇغلارنىڭ ئۆسۈشى تىزگىنلىنىدۇ، يېمەكلىكنىڭ ساقلاش مۇددىتى ئۇزىرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ياغنىڭ، تەبىئىي پىگمېنتلارنىڭ، مىكرو ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنىڭ ئوكسىدلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يېمەكلىكنىڭ رەڭگى ۋە پۇرىقىنى ساقلاپ، يېمەكلىكنىڭ سۈپىتىنى يۇ-



www.uyghurkitap.com



قىرى كۆتۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئازوت سۇدا ۋە ياغدا ئاسان ئېرىمەيدۇ ھەم يېمەكلىكتە ئازوتقا نىسبەتەن ئادسورپسىيە بولمايدۇ. شۇڭا ئازوت گازى قاچىلاپ ئورالغان خالتا مىجىلىپ كەتمەيدۇ.

ئازوت رەڭسىز، پۇراقسىز ھەم خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى پاسسىپ بىر ئېلېمېنت بولۇپ، ئاسانلىقچە باشقا ماددىلار بىلەن رېئاكسىيەلەشمەيدۇ، شۇڭا بىخەتەرلىكى ناھايىتى يۇقىرى.

## ئازوت مۇھىتنى قوغدايدۇ.

پىۋا ئوكسىگېندىن قورقىدۇ، ئوكسىدلىنىش پىۋىنىڭ رەڭگىنى ۋە تەمىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. پاسىلداق قۇتىلىق پىۋىنى ئىشلەپچىقارغاندا ئاۋۋال ئازوت گازىنى قاچىلىۋېلىپ، ئاندىن ھاۋانى سىقىپ چىقىرىۋېتىدۇ. بۇنداق بولغاندا پىۋىنىڭ ئەسلىدىكى تەمىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ ھەم پىۋىنىڭ كۆپۈكلىرى تېخىمۇ جىق بولىدۇ. ئىلگىرى يېمەكلىك كارخانىلىرى كاربون (Ⅳ) ئوكسىدىنى بىرقەدەر كۆپ ئىشلەتتى، لېكىن ھازىر ئازوتنى كۆپلەپ ئىشلىتىدىغان بولدى.

مېۋە - چېۋە، كۆكتاتلارنى ئازوت بىلەن ئوراپ قاچىلىغاندا، ئۇلارنى يېڭى پېتى ساقلىغىلى ھەم بازاردا سېتىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ. كاۋاپ، پېچىنە - پىرەنىك، ئۇندىن ياسالغان يېمەكلىك قاتارلىقلار تەركىبىدە مەلۇم مىقداردا سۇ بولىدۇ، بۇ يېمەكلىكلەرنى ئازوت گازى بىلەن ئوراپ قاچىلىغاندا ساقلاش مۇددىتىنى تۆت ھەسسە ئۇزارتقىلى بولىدۇ. بەزى ئىچىملىكلەرگىمۇ ئازوت گازى ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئوكسىدلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بېسىمنى كۈچەيتىشتۇر. مەسىلەن، پىلاستىك قۇتىلىق ئىچىملىك، ئاليۇمىنلىق پاسىلداق قۇتىغا قاچىلانغان (كاربونسىز) ئىچىملىكلەر دۆۋىلەپ قويۇش ۋە توشۇش جەريانىدا قۇتىلارنىڭ ئاسانلا شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئازراق ئازوت گازى (ئەمەلىيەتتە بىر تامچە سۇيۇق ئازوت گازى تېمىتىپ ئاغزىنى پېچەتلىۋەتسە بولىدۇ) قاچىلاپ قويسا قۇتا تېخىمۇ پۇختا بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئورالما ماتېرىياللارنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارىنىڭ 1/3 نى ئازايتقىلى ھەمدە ھەر يىلى نۇرغۇن پىلاستىك ماتېرىياللارنى ۋە مېتاللارنى تېجەپ قالغىلى بولىدىكەن. بۇمۇ بىر خىل مۇھىت ئاسراش تېپىدىكى تېخنىكىدۇر.

## سۇيۇق ئازوتنىڭ ئەپچىل ئىشلىتىلىشى

ئازوت گازىدىن باشقا، ئۇنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى بولغان سۇيۇق ئازوتنىڭمۇ نۇرغۇنلىغان ئەپچىل ئىشلىتىلىش ئورنى بار. مەسىلەن، سۇيۇق ئازوت ئارقىلىق پۇراقلىق تەم تەڭشىگۈچ خۇرۇچلارنى توڭلىتىپ ئەزگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، سامساق، دارچىن قاتارلىق تەم تەڭشىگۈچ خۇرۇچلارنىڭ ئېزىش جەريانىدا سۇركىلىپ ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىپ، خۇش پۇرىقىنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سۇيۇق ئازوت يەنە يېمەكلىكلەرنى تېز توڭلىتالايدۇ، مەسىلەن، دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى تېز توڭلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يېڭىچە تەمىنى ۋە ئوزۇقلۇق تەركىبىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. سۇيۇق ئازوت توڭلىتىپ توشۇش جەھەتتە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىۋاتقان بولۇپ، چەت ئەللەردە ئىشلىتىلىۋاتقىنىغا ئۇزۇن يىللار بولدى. بۇ ئۇسۇل ئەنئەنىۋى توڭلىتىش ئۇسۇلى بىلەن روشەن سېلىشتۇرمىدۇر. بىيو - مېدىتسىنا تەتقىقاتى، يېمەكلىكلەرنى تەكشۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ سۇيۇق ئازوت ئۆزىنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىنى ئويناۋاتىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ساجىدە تۇرەخمەت**

**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**

# ئۆسۈملۈك ئارقىلىق يانفوننى زەرەتلىگىلى بولامدۇ

ئەگەر يولدا كېتىۋېتىپ، دوستىڭىزغا تېلېفون قىلغۇڭىز ياكى ئۇچۇر يوللىغۇڭىز كەلگەندە يانفونىڭىزدا توك قالمىغان بولسا قانداق قىلىسىز؟ ئەمەلىيەتتە بۇ نۇرغۇن كىشىلەر دۇچ كېلىدىغان ئەھۋال. ھازىر بىز ئىشلىتىۋاتقان يانفونىنىڭ نورمال ئەھۋالدا توك ساقلىنىش ۋاقتى 24 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا توختىماي زەرەتلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا، ئەتراپىمىزدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئارقىلىق زەرەتلىگىلى بولامدۇ؟ چىلىدىكى ئۈچ نەپەر قىز ئوقۇغۇچى بىزگە ئۈمىد يولىنى ئېچىپ بەردى. ئۇلار ئۈچ يىللىق جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق ئاخىرى «E-kaia» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈك يانفون زەرەتلىگۈچنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان.

E-kaia ئەپچىل زەرەتلىگۈچنىڭ بىر ئۇچى USB ئۇلاش ئېغىزى بولۇپ، يانفونغا ئۇلاپ زەرەتلىگىلى بولىدۇ. يەنە بىر ئۇچى تەشتەكتىكى تۇپىغا سانجىپ كىرگۈزۈلىدۇ. نۆۋەتتە بۇ زەرەتلىگۈچ بەش ۋولت يەنى تەخمىنەن 600 مىللىئامپېر توك چىقىرالايدىغان بولغاچقا، يانفوننى پەقەت بىر يېرىم سائەتتىلا زەرەتلەپ بولىدىكەن.

E-kaia بولسا تۇپراقتىكى ئەركىن ئىيون ئېلېكتروندىن پايدىلىنىپ يانفوننى زەرەتلەيدۇ. ھەممىگە مەلۇم، ئۆسۈملۈك مۇرەككەپ بولغان فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق ئېنېرگىيەگە ئېرىشىدۇ. ئۆسۈملۈك تېنىدىكى خلوروفېل (يېشىللىق ماددىسى) بىلەن يورۇقلۇق، ھاۋادىكى كاربون دىئوكسىد، ئۇنىڭدىن باشقا ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىدىن سۈمۈرگەن سۇ تەركىبى ھەمدە ئۆسۈملۈك ئەتراپىدىكى مەلۇم بىر قىسىم مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشى كۆپلىگەن خىمىيەلىك رېئاكسىيە ۋە بىيولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئېنېرگىيەنىڭ يۆتكىلىش جەريانىدا، ئۆسۈملۈك تېنى ئىچىدىكى سۇ تەركىبى ئوكسىگېننى ئاجرىتىپ چىقىرىپ، پروتون ۋە ئېلېكترونىنى قويۇپ بېرىدۇ. E-kaia نىڭ ئىچىدە بىر بىيولوگىيەلىك توك يولى تاختىسى بولۇپ، ئېلېكتر قۇتۇپى ئارقىلىق ئۆسۈملۈك ئىشلىتەلمەيدىغان ئېلېكتروننى توپلاپ، پايدىلانغىلى بولىدىغان ئېلېكترنى ئېنېرگىيە قىلىپ زاپاس ساقلايدۇ. چۈنكى توپلىغان ئېلېكترون بولسا ئۆسۈملۈكلەر لازىم قىلمايدىغان بولغاچقا، ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىگە ھېچقانداق يامان تەسىر پەيدا قىلمايدۇ. شۇڭا E-kaia بولسا ناھايىتى ياخشى بولغان بىر خىل پاكىز ئېنېرگىيە مەھسۇلاتى.

E-kaia نىڭ كەشپىياتچىلىرى يەنە ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆسۈملۈك ئارقىلىق توك سەرپىياتى يۇقىرى بولغان كومپيۇتېر، تېلېۋىزور ياكى جىددىي يورۇتۇش چىرىغىنى زەرەتلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىغان بولۇپ، ئەگەر مۇمكىن بولسا ئۇلار كەلگۈسىدىكى ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ توك مەنبەسىنىڭ قورۇلاردىكى بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلماقتا.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنەۋۋەر ئېزىز**
**مۇھەررىر: زەيتۇنگۈل ئابدۇۋايىت**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ساقىيقۇش ۋە ئۇنى قوغداش

ئابدۇللا روزى
(شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېنسىيونېرى)

ساقىيقۇش (鹈鹕 pelecanus oriocrotalu) ساقىيقۇشلار ئەترىتى، ساقىيقۇش ئائىلىسىگە تەۋە چوڭ تىپتىكى سۇ قۇشى بولۇپ، شىنجاڭدا ئالا تۇمشۇق ساقىيقۇش ۋە پۈرمە پەيلىك ساقىيقۇشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرى بارلىقى خاتىرىلەنگەن. ھەر ئىككى تۈرى دۆلەت تەرىپىدىن ئىككىنچى دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان قۇشلاردۇر.

**1. ئالا تۇمشۇق ساقىيقۇش (pelecanus philippensis)**

مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: ئالا تۇمشۇق ساقىيقۇش، چىپار تۇمشۇق ساقىيقۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ چوڭ تىپتىكى سۇ قۇشى بولۇپ، تەن ئۇزۇنلۇقى 150 سانتىمېتىر، تۇمشۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. تۇمشۇقى يوغان ھەم ياپىلاق بولۇپ، ئۈستىدە قارا كۆك داغلىرى بولىدۇ. ئۈستۈنكى تۇمشۇقىنىڭ ئۇچى ئاستىغا ئىلمەكلەشكەن، تۇمشۇقىنىڭ ئاستى قىسمىدا تەرەققىي قىلغان بوغۇز خالتىسى بولۇپ، بۇ خالتا ئوزۇقنى ۋاقىتىنچە ساقلاش ۋە ئىسسىق كۈنلەردە تەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەشكە ياردەمچى بولىدۇ. يېتىلگەنلىرىنىڭ تېنىنىڭ ئۈستى قىسمى قوڭۇرغا مايىل كۆك رەڭدە، ئاستى قىسمى ئاق رەڭدە بولىدۇ. قاپىقى قىزغۇچ سېرىق، كىرپىكى سېرىق رەڭدە بولۇپ، يۇقىرىقى جاۋغىيىدا قارامتۇل كۆكۈچ رەڭدىكى داغلار بولىدۇ.



بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: دەريا، كۆللەردە توپلىشىپ ياشاپ، سۇ ئۈزۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن سۇغا شۇڭغۇمايدۇ. قۇيرۇق ماي بېزى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىققان ماينى بەدىنىگە سۈرتۈپ سۇ يۇقتۇرمايدۇ. ئۇچۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك ۋە تېز بولىدۇ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كۆككە ئۆرلەپ قاتار بولۇپ ئۇچىدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى بېلىق بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بەزىدە قاسىراقلىقلار ۋە قوش ماكانلىقلار بىلەنمۇ ئوزۇقلىنىدۇ. ئوزۇق توشۇيدىغان چاغدا ئېغىزىنى ئېچىپ ماڭىدۇ. ئاۋۋال ئوزۇق بىلەن سۇنى بوغۇز خالتىسىغا يىغىپ، ئاندىن بوغۇز خالتىسىنىڭ قىسقۇچى بىلەن سۇنى سىقىپ چىقىرىۋېتىپ ئوزۇقنى يۇتىدۇ. كۆللەردە دائىم توپلىشىپ يۈرۈپ، قاتار ياكى ياي شەكلىدە تىزىلىپ قارشى قىرغاققا قاراپ ئۈزۈپ ئولجىنى تېيىز جايغا بېرىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئاندىن تېز ھەرىكەت قىلىپ ئولجىنى تۇتۇپ يەيدۇ.

3 ـ 4 ـ ئايلار بۇ قۇشنىڭ كۆپىيىش مەزگىلى بولۇپ، كۆل، دەريا بويلىرىغا ئۇۋا سالىدۇ. يىلدا بىر قېتىم كۆپىيىدۇ. ھەر قېتىمدا 1 ـ 4 گىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇمى خۇنۇك ئاق رەڭدە بولىدۇ. تۇخۇم بېسىش مەزگىلى 30 كۈن ئەتراپىدا بولۇپ،

تۇخۇمنى چىشى ۋە ئەركىكى نۆۋەتلىشىپ باسىدۇ. باچكىلىرىغا 10 كۈنلەردىن كېيىن ماماق تۈكلەر چىقىشقا باشلايدۇ. باچكىلىرى ئۈچ ئايدىن كېيىن ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشاشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، 30 - 40 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ.

جۇغراپىيەلىك تارقىلىشى: ئۇ شىنجاڭنىڭ پەسىل قۇشى ھەم خاس تۈر بولۇپ، كەنجى تۈر دەپ ئايرىلمايدۇ. شىنجاڭنىڭ بوستان كۆلى، قايدۇ دەرياسى، ئىلى دەرياسى، ئېبىنۇر كۆلى، ئۇلۇڭگۇر كۆلى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئەتىيازدا شىنجاڭدا كۆپىيىدۇ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن چىڭخەي، نىڭشىيا، شەنشى، خېبېي، شەندۇڭ، سەنشى، جياڭسۇ، جېجياڭ، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، تەيۋەن قاتارلىق جايلارغا كەڭ تارقالغان بولىدۇ.

**2. پۈرمە پەيلىك ساقىيقۇش (pelecanus onocrotahus)**

مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: پۈرمە پەيلىك ساقىيقۇش ئاق ساقىيقۇش، بۈدۈر پەيلىك ساقىيقۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ چوڭ تىپتىكى سۇ قۇشى بولۇپ، تەن ئۇزۇنلۇقى 160 - 180 سانتىمېتىر، تۇمشۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 36 - 45 سانتىمېتىر، قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 - 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. تېنى ئاساسەن ئاق رەڭدە بولىدۇ. دۈمبە پەيلىرى ۋە قانات ئۈستى پەيلىرىنىڭ ئۈستى قارا رەڭدە بولىدۇ. تۇمشۇقى كۆلرەڭ، تۇمشۇق ئۇچى ۋە ئىككى يېنى سېرىق، بوغۇز خالتىسى سۇس سېرىق، پاچىقى ۋە بارماقلىرى كۆكۈچ كۆلرەڭدە بولىدۇ.

بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: ئۇ دەريا، كۆل، سازلىقلاردا توپلىشىپ ياشايدۇ. ئوزۇق تۇتۇش ئۇسۇلى ئالا تۇمشۇق ساقىيقۇشقا ئوخشايدۇ. ئاساسلىقى بېلىق بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار، سۇ ھاشاراتلىرى، بىر قىسىم قۇش ماكانلىقلار، ئۆمىلىگۈچىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. سۇ ئۈزگەندە ئىككى قانىتىنى دۈمبىسىگە ئېلىۋالىدۇ.



ئۇنىڭ كۆپىيىش مەزگىلى 3 -، 4 - ئايلار بولۇپ، ئاساسلىقى يەرگە شاخ - شۇمبا، ئوت - چۆپلەر بىلەن ئۇۋا سالىدۇ. يىلدا بىر قېتىم كۆپىيىدۇ، ھەر قېتىمدا 2 - 3 گىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇم شاكىلىنىڭ رەڭگى ئاق رەڭدە بولۇپ، تۇخۇمنى چىشى بىلەن ئەركىكى ئورتاق باسىدۇ. تۇخۇم بېسىش ۋاقتى ئالا تۇمشۇق ساقىيقۇشقا ئوخشاپ كېتىدۇ.

جۇغراپىيەلىك تارقىلىشى: پۈرمە پەيلىك ساقىيقۇشنىڭ جۇغراپىيەلىك تارقىلىشى ئالا تۇمشۇق ساقىيقۇش بىلەن ئوخشاش بولۇپ، لېكىن ئۇ جۇڭغار ئويمانلىقىغىمۇ تارقالغان.

ئىقتىسادىي قىممىتى ۋە قوغدىلىشى: پەي، ماماقلىرى ئىنتايىن كۆركەم بولۇپ، ئۇلاردىن زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ. مېيى، تىلى، تۇمشۇقى ۋە تېرىسى جۇڭيى تېبابىتىدە دورا قىلىنىدۇ. گۆشىنى ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ھايۋانات باغچىلىرىدا بېقىپ كۆرگەزمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. شۇڭا ئۇ سۇ ئېكولوگىيەسىنى ساقلاشتا پايدىلىق قۇش ھېسابلىنىدۇ. لېكىن سانى زىيادە كۆپىيىپ كەتكەندە بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا زىيان سالىدۇ. ساقىيقۇشنى قوغداشتا دەريا، كۆل، سازلىقلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداش، قانۇنسىز ئوۋلاشنى چەكلەش كېرەك.

**مۇھەررىر: ئاسىيە ھېمىت**

# ئالاھىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان 10 چوڭ جانلىق

ئالىملار ئالاھىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان بىر قىسىم جانلىقلار تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتالايدىغان يىپ ئۇچلىرىنى تېپىشنى ئۈمىد قىلماقتا.

**سەدەپ قۇلۇلىسى: 500 ياش**

سەدەپ قۇلۇلىسى مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتا بولۇپ، 500 ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى سىر ئۇنىڭ تېنىدىكى ئاقسىلنى قوغداپ زىيانغا ئۇچراتماسلىقىدا ئىكەن. ناۋادا ئۇنىڭ تېنىدىكى ئاقسىلنى زىيانغا ئۇچراتمايدىغان مېخانىزمنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېگىلىگىلى بولسا، ئىنسانلار قېرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەرگە تاقابىل تۇرىدىغان ئامىللارنى تېپىپ چىقالىشى مۇمكىن. ياشانغانلار دېۋەڭلىك كېسىلىنى مىسال قىلساق، بۇ كېسەللىك چوڭ مېڭىدىكى ئاقسىللارنىڭ قالايمىقانلىشىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.



**چاشقانقۇلاق شەپەرەڭ: 40 ياشتىن ئارتۇق**

چاشقانقۇلاق شەپەرەڭ ياۋروپا ۋە ئاسىيانىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا ياشايدۇ، ئۇلار 40 يىلدىن ئارتۇقراق ياشىيالايدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقىشىچە، چاشقانقۇلاق شەپەرەڭنىڭ ئۆستۈرگۈچى ھورمون ھاسىل قىلىدىغان رېتسېپتورلىرى (سېزىم قوبۇل قىلىش ئەزالىرى) ئەتراپىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىكەن. بۇ خىل ئۆزگىرىشمۇ ئىنسانلارنىڭ ساغلام، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ.



**تۇكسىز قارىغۇ چاشقان: 30 ياش**

تۇكسىز قارىغۇ چاشقاننىڭ تېرىسى كۆرۈمسىز بولسىمۇ، ئەمما ئالىملارنىڭ قارىشىچە، دەل بۇ خىل ئېلاستىكلىققا ئىگە تېرە، تۇكسىز قارىغۇ چاشقىنى باشقا تۈردىكى غاجىغۇچى ھايۋانلارغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى سەۋەب ئىكەن. ئۇ ئۇزۇن بولغاندا 30 يىل ياشىيالايدۇ. تۇكسىز قارىغۇ چاشقان راك كېسىلىگە نىسبەتەن كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان دەرىجىدە قارشىلىق

كۆچىگە ئىگە بولۇپ، راك پەيدا قىلغۇچى ماددىلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغان تەقدىردىمۇ راك كېسەللىگە گىرىپتار بولمايدىكەن. تەتقىقاتلاردىن بايقىلىشچە، تۆكسىز قارىغۇ چاشقاننىڭ تېرىسىدە ئېلاستىكلىقنى ساقلايدىغان بىر خىل مولېكۇلا بولۇپ، ھۈجەيرىنىڭ بۇزۇلۇشىنى توسۇپ قالالايدىكەن.

**قېلىن تۇمشۇقلۇق دېڭىز قاغىسى: 40 ياش**

بۇ خىل قاغا 40 يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ياشىيالايدىكەن. قېرىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ سۇغا



شۇڭغۇش ئىقتىدارى تۆۋەنلىمەيدىكەن. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بۇ خىل قاغىنىڭ كۈچلۈكلۈك ۋە چاققانلىقىنىڭ سىرىنى ئاچقاندا، كىشىلەر بەلكىم ئىنسانلارنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن بەدىنىنىڭ قېرىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېپىپ چىقىشى مۇمكىن.

**شاتۇت: 70 ياشتىن ئارتۇق**



شاتۇت 70 ياشقىچە ناھايىتى ساغلام ياشىيالايدۇ. يېڭى زېللاندىيەدە ياشايدىغان مۇشۇكياپىلاقلىق شاتۇت بۇ تۈردىكى قۇشلار ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن ياشايدىغان بىر خىلى بولۇپ، 90 ياشقىچە ياشىيالايدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى سىر ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشنى ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن قىلىدىغانلىقىدا بولۇشى مۇمكىن.

**پىل: 70 ياش**

لوگىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تېنى غايەت زور، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان پىل ناھايىتى ئاسانلا راك كېسەللىگە گىرىپتار بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى پىل ئۇزۇن ۋاقىت ياشىغاندا تېنىدىكى بۆلۈنىدىغان ھۈجەيرىلەرمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۇلاردا ئۆزگىرىش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىمۇ بار-



غانسېرى ئاشىدۇ. بىراق ئەمەلىيەتتە پىلدا بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ، ئۇلار 60 – 70 يىل ياشىسىمۇ، ئۆمرىدە ئاساسەن راك كېسەللىگە گىرىپتار بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى پىلنىڭ تېنىدە ئۆسمىگە قارشى تۇرىدىغان نۇرغۇن گېنلار بولۇپ، ئۆزگەرگەن ھۈجەيرىلەر راكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ.

**قىزىل دېڭىز كىرپىسى: 100 ياشتىن ئارتۇق**

ھازىرغىچە مەلۇم بولغانلىرىدىن، قىزىل دېڭىز كىرپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن دېڭىز كىرپىلىرى 100 ياشتىن ئارتۇق ياشىيالايدۇ ھەمدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇلاردا بىيولوگىيەلىك مەنىدىكى قېرىش ئالامىتى ئازراقمۇ كۆرۈلمەيدۇ. ئالىملار بۇنىڭدىكى سىر دېڭىز كىرپىسىنىڭ بەدىنىدىكى توقۇلمىلارنى قايتا ئۆستۈرەلەيدىغانلىقىدا دەپ قارايدۇ. قايتا ئۆسكەن بۇ توقۇلمىلارنىڭ ئورنى خىروموسومانىڭ ئاخىرقى ئۇچىدا بولۇپ، قېرىشنىڭ تېلومېرىنى بەلگىلەيدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ يېشىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ قىسقارمايدۇ.

**پىلسىمان تاشپاقا: 100 ياش**

پىلسىمان تاشپاقا ئادەتتە 100 ياشتىن ئارتۇق ياشىيالايدۇ. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭ سەۋەبى تاشپاقىنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشىنىڭ ئاستا بولۇشى ھەمدە يۈرەك سوقۇشىنىڭ ئاستا بولۇشى (تاشپاقا يۈرىكىنىڭ سوقۇش سۈرئىتى ئىنسانلار يۈرىكىنىڭ



سوقۇشىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

**شىمالىي قۇتۇپ بالېنا كىتى: 200 ياش**

پىلغا ئوخشاشلا كىتمۇ ئاساسەن راك كېسىلىگە گىرىپتار بولمايدۇ. شىمالىي قۇتۇپ بالېنا كىتى ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان دەپ قارىلىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، ئۇ 200 ياشتىن ئارتۇق ياشىيالايدىكەن. 2015 - يىلى تەتقىقاتچىلار شىمالىي قۇتۇپ بالېنا كىتىنىڭ گېنىنى رەتكە تۇرغۇزۇش ئارقىلىق، بۇزۇلغان DNA نى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغان ھەمدە راك كېسىلىگە ۋە قېرىشقا قارشى تۇرالايدىغان گېنىنى بايقىغان، شىمالىي قۇتۇپ بالېنا كىتىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى مۇشۇ خىل گېن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.



**مېدۇزا: يېشى نامەلۇم**

ماياكسىمان مېدۇزا ئۆلمەس مېدۇزا دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ خۇددى دېڭىز ئاستىدىكى بېنجامىن باتتون (ئامېرىكا ئىلمىي فانتازىيەلىك كىنوسىدىكى تەتۈر يېتىلىدىغان ئادەم) غا ئوخشايدۇ. بۇ خىل مېدۇزا



ئۆلمەيلا قالماستىن، قانچە ياشىغانسېرى شۇنچە ياشىرىپ ئەڭ ئاخىرىدا يۇمران ھالىتىگە قايتىدۇ ھەمدە يەنە بىر قېتىملىق ھاياتلىق سەپىرىنى باشلايدۇ. بۇنىڭدىكى سىر ئۇنىڭدا بىر خىل ھۈجەيرىنىڭ يەنە بىر ھۈجەيرىگە ئۆزگىرىش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئىنسانلارنىڭ غول ھۈجەيرىسىمۇ بۇ خىل ئىقتىدارغا ئىگە.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ساتتار غوپۇر**

**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**

# قوغۇن قىروسىمان پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى

ھۆسەنجان تونىياز
(شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى دېھقانچىلىق ئىنستىتۇتىنىڭ پېنسىيونېرى)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆلەملەشكەن قوغۇن ئۆستۈرۈش، پارنىكتا ۋە كىچىك لاپاستا قوغۇن ئۆستۈرۈش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن، بۇ خىل كېسەللىك ھەر يىلى پەيدا بولىدىغان، دائىملىق تارقىلىشچان كېسەللىككە ئايلاندى. بۇ كېسەللىك قوغۇندىن باشقا، يەنە تاۋۇز، تەرخەمەك، كاۋا، قاپاق قاتارلىق پىلەكلىك زىرائەتلەرگىمۇ زىيان سالىدۇ. زىيان سېلىش دەرىجىسى ئېغىر بولغاندا قوغۇندىن ھوسۇل ئالغىلى بولمايدۇ.

**1) كېسەللىك ئالامەتلىرى**

بۇ كېسەللىك قوغۇننىڭ مايسا مەزگىلىدىن باشلاپ پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە پەيدا بولىدۇ. ئاساسەن يوپۇرماققا زىيان سالىدۇ، قوغۇن مايسا مەزگىلىدە پەللە يوپۇرماقلىرى بۇ خىل كېسەللىك بىلەن يۇقۇملانسا يوپۇرماق يۈزىدە سۇدا نەمدەپ قويغاندەك تەرتىپسىز سېرىق داغلار پەيدا بولىدۇ، بۇ داغلار تەدرىجىي كېڭىيىپ سېرىق قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. نەملىك يۇقىرى بولغاندا پەللە يوپۇرماقنىڭ كەينى يۈزىدە بىر قەۋەت كۈلرەڭ قارامتۇل قىروسىمان ماددا ھاسىل بولىدۇ، ئېغىر بولغاندا پەللە يوپۇرماق تېزلا سارغىيىپ قۇرۇپ كېتىدۇ. يېتىلگەن تۈپلەردە كېسەللىك يۈز بەرگەندە يوپۇرماق يۈزىدە قېنىق يېشىل ياكى كۈلرەڭ ۋە ياكى سۇس كۈلرەڭ كىچىك داغلار پەيدا بولۇپ، ئاخىرىدا پۈتۈن يوپۇرماق يۈزىگە كېڭىيىدۇ. بۇ داغلار تەدرىجىي سۇس قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ، نەتىجىدە كېسەللىك داغلىرى يوپۇرماق تومۇرىنىڭ چەكلىنىشىدە كۆپ بۇرجەكلىك داغقا ئايلىنىدۇ. نەملىك يۇقىرى بولغاندا كېسەللىك داغلىرىنىڭ كەينى يۈزىدە ياكى ئالدى يۈزىدە بىر قەۋەت كۈلرەڭ قارامتۇل قىروسىمان ماددىلار پەيدا بولىدۇ. كېسەللىك يوپۇرماقنىڭ ئاستى قىسمىدىن ئۈستى قىسمىغا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ، ئېغىر بولغاندا پۈتۈن تۈپلەرنىڭ تەلتۆكۈس قۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**2) پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى**

بۇ كېسەللىكنى قامچىسىمان تۈكلۈك زەمبۇرۇغلار كەنجى تىپىدىكى ساختا قىروسىمان پاختىلاشتۇرغۇچى زەمبۇرۇغى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ كېسەللىك يىل بويى قوغۇن تېرىلغان ئېتىزلاردا كۆپ يۈز بېرىدۇ. كېسەللىك مىكروبى يوشۇرۇن ھالەتتە ياشايدۇ ۋە تۇپراقتا، يوپۇرماق قالدۇقلىرىدا، ئۇرۇق پوستلىرىدا ياكى مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان يەرلەردە قىشتىن ئۆتىدۇ. ئاساسلىقى شامال ۋە يامغۇر سۇلىرى ئارقىلىق يۇقىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى نەملىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، نىسپىي نەملىك 80% تىن يۇقىرى بولغاندا يوپۇرماق يۈزىدە سۇلۇق قاپارتما ياكى سۇلۇق پەردىلەر ھاسىل بولىدۇ. بۇ قىروسىمان پاختىلىشىش كېسىلىنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە يامغۇر بالدۇر ۋە كۆپ يېغىش، كېچە - كۈندۈز تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇش، نەملىك يۇقىرى بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ خىل كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىشى ئېغىر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا،

www.uyghurkitap.com



تېمپېراتۇرانىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىمۇ بۇ خىل كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ خىل كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدىغان تېمپېراتۇرا 15℃ - 20℃ بولۇپ، كېسەللىك مىكروبى 20℃ - 24℃ تا تارقىلىشقا باشلايدۇ. 10℃ تىن تۆۋەن، ياكى 30℃ تىن يۇقىرى بولغاندا كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېتىز پەرۋىشى ناچار بولۇش، كۆپ سۇغىرىش ۋە ئازوتلۇق ئوغۇتنى كۆپ ئىشلىتىش قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىنمۇ بۇ خىل كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. ئادەتتە ھۆل - يېغىن كۆپرەك بولغان مەزگىللەردە، نەملىكى يۇقىرى بولغان ئېتىزلاردا كېسەللىك ئىنتايىن تېزلىكتە يامراپ، قوغۇن يوپۇرماقلىرىنى بالدۇرلا قۇرۇتۇۋېتىدۇ.

**3) ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇللىرى**

(1) يەرنى ياخشى تاللاپ، پەرۋىشنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. پارنىك ۋە لاپاسلاردىن يىراق، يەر ئورنى يۇقىرى، مۇنبەت قۇمساڭ ئەت تۇپراقلارنى تاللاش؛ ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش، قوشۇمچە ئوغۇتقا كالىيلىق، فوسفورلۇق ئوغۇتلارنى تاللاش؛ ئازوتلۇق ئوغۇتنى كۆپ بەرمەسلىك؛ ئۆسۈشنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە سۇنى مۇۋاپىق كونترول قىلىپ، سويما بولغاندىن كېيىن كۆپ مىقداردىكى سۇ بىلەن باستۇرۇپ سۇغارماسلىق ھەم ئېتىزدا يىغىلىپ قالغان سۇنى چىقىرىۋېتىش؛ پىلەكلەرنى ئۆز ۋاقتىدا رەتلەپ چاتاش، ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىش، تۈپلەرنىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈشچانلىقىنى ياخشىلاش لازىم.

(2) ئالدىن كۆزىتىپ، ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، قەرەللىك تەكشۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرىنى قوللىنىش كېرەك.

(3) دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش: كېسەللىك ھاۋا ئارقىلىق تارقالغاچقا، يۇقۇملىنىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز، ئاسانلا كەڭ دائىرىدە كېڭىيىدۇ. شۇڭا، كېسەللىك ئەھۋالىنى كۆزىتىش نەتىجىسىگە ئاساسەن، كېسەللىك بايقالغان ھامان ئومۇمىيۈزلۈك دورا چېچىپ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش لازىم. قوغۇنلۇقتا كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە، 70% لىك ئەنكېمىڭشىن (安克锰锌)، ياكى 60% لىك مىيكېمىڭشىن (灭克锰锌)، ياكى 72% لىك شۇاڭيىبىكې (霜疫必克)، ياكى 72% لىك كېكاڭلىڭ (克抗灵)، ياكى 72.2% لىك پۇلىك (普力克) قاتارلىق نەملىنىشچان پاراشوك دورىلارنى 600 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ ياكى 40% لىك ئېتىل فوسفانات (乙磷铝) نەملىنىشچان پاراشوكىنى 300 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈلىدۇ. ئەگەر ئاق توزان كېسىلى بىلەن بىرگە پەيدا بولغان بولسا، 72% لىك شۇاڭيىبىكې (霜疫必克) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 600 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىگە 12.5% لىك دىلىكاڭ (敌力康) نىڭ 1200 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى قوشۇپ پۈركۈش كېرەك. كېسەللىك ئەھۋالىغا ئاساسەن 5 - 7 كۈندە بىر قېتىم، جەمئىي 2 - 4 قېتىم چېچىلىدۇ. كىچىك لاپاسلاردا 45% لىك داكونىل (百菌清) ئىس قويۇپ بېرىش دورىسىنى ھەر مو يەرگە 0.25 كىلوگرام ئىشلەتسە بولىدۇ.



**مۇھەررىر: ئاسىيە ھىمىت**

# نەشپۈتلۈك باغلارنى تېخنىكىلىق باشقۇرۇش توغرىسىدا

نۇرجامال تۇرسۇن
(كورلا شەھەر شاڭخو بازىرى ئورمانچىلىق پونكىتى)

كورلا نەشپۈتى شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە يەرلىك ۋە ئەلا سورتلۇق مەھسۇلاتى بولۇپ، نەشپۈت ئىشلەپچىقىرىش كورلىدا كۆلەملىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى «يېشىل كارخانا» غا ئايلاندى. باغۋەنچىلىك تەرەققىياتى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىپ، 2015 - يىلى نەشپۈتلۈكنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 409 مىڭ موغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 288 مىڭ توننىغا يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ناھىيە، شەھەرلەر ئىچىدە يەككە تۈر بويىچە كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ سالماقنى ئىگىلەپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى تۈۋرۈكلۈك كەسىپ بولۇپ قالدى. نەشپۈتلۈك باغ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، كۆلەملىشىش نىشانىغا يېتىپ، مول - ھوسۇل ئېلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئەگەر نەشپۈتلۈككە بولغان تېخنىكىلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتسەك بىرلىك مەھسۇلاتىنى، مەھسۇلات سۈپىتىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خەلقئارا بازارلىشىش تەلپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى يەنىمۇ كۆپلەپ ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

تۆۋەندە مەن نەشپۈتلۈك باغلارنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى مۇھىم تەدبىرلەر توغرىسىدا كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

1. نەشپۈتلۈك باغلارنىڭ تۇپرىقىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا ھەر مو يەرنى 400 - 500 كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاپ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ تۇپراق قۇرۇلمىسى ۋە ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ياخشىلاش ئارقىلىق تۇپراقتىكى مىكرو ئورگانىزملار ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلىتىپ، سۇ ساقلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، نەشپۈت دەرىخىنىڭ توق، قاۋۇل ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

2. نەشپۈت دەرەخلىرىنى ئوغۇتلىغاندا، ئوغۇتلاش ئورنى بىلەن دەرەخنىڭ ئارىلىقى، ئوغۇتلاش چوڭقۇرلۇقى مۇۋاپىق بولۇش كېرەك. ئوغۇتلاش ئورنى دەرەخ تاجىسىنىڭ چۈشكەن سايىسىنىڭ سىرتقى گىرۋىكىدە بولسا ئەڭ مۇۋاپىق. ئوغۇتلاش چوڭقۇرلۇقى كۈزدە 30 - 40 سانتىمېتىر، يازدا 20 سانتىمېتىرغىچە بولسا ئەڭ مۇۋاپىق. چۈنكى بۇ چوڭقۇرلۇقتا دەرەخنىڭ سۇ سۈمۈرگۈچ يىلتىزى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئوزۇقلۇقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. ئوغۇتلاش مىقدارىنى دەرەخنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە، ئوغۇتلاش ۋاقتىنى دەرەخنىڭ ھەر قايسى ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچلىرى، دەرەخ سورتى، دەرەخنىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن بەلگىلەش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا دەرەخنىڭ تۈرلۈك ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

3. نەشپۈت دەرەخلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەلەپ بويىچە تەڭشەپ، سىستېمىلىق چاتاش كېرەك. شاخلار قويۇق، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى ۋە ھاۋا ئۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

تۇشۇشى ياخشى بولمىسا مەھسۇلاتقا بىۋاستە تەسىر يېتىدۇ، شۇڭا نەشپۈت دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى رەتلەپ، مەلۇم بىر بوشلۇقتىن، يورۇقلۇقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغاندا مېۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يىلمۇيىل مۇقىم ھەم يۇقىرى مەھسۇلاتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

4. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش نەشپۈتتىن مۇقىم، سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر دېھقان ھەر كۈنى، بولمىغاندا ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم باغنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارات يۈز بەرگەن ھامان ئالدىنى ئېلىپ كونترول قىلىشى، بىر تۇتاش دورا چېچىپ يوقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. باغلاردىكى دورا قۇتىسى، سۇلياۋ خالتا، كېسەل تەگكەن، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان چىرىندى شاخلارنى ۋاقتىدا يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش، دەرەخ قوۋزىقىنىڭ تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. نەشپۈت دەرىخىگە قوۋزاق قۇرتىنىڭ زىيان سېلىشى چىرىش كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە قىيام ئارقىلىق قوۋزاق قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش كېرەك. نەشپۈت دەرىخىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن سوغۇق تەگكەن، كېسىلگەن ئىزلارغا 9281 دورىسىنى ئىككى ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش كېرەك. ئەت ئالدۇرۇش دورىسىنى سۇرتۇش ئارقىلىق نەشپۈت دەرەخلىرىنىڭ سۇ، ئوغۇت سۈمۈرۈش توقۇلمىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، نەشپۈتتىن سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

5. نەشپۈتنىڭ چېچەك مەزگىلىدە چاڭلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىش كېرەك. ئادەتتە نەشپۈتنىڭ ئۈنۈملۈك چاڭلاشتۇرۇش ۋاقتى 4 - ئاينىڭ بېشىدىن 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولىدۇ. ھەر كۈنى چاڭلاشتۇرۇش ۋاقتى سائەت 10 دىن بۇرۇن، چۈشتىن كېيىن ئۈچتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلسا ئەڭ مۇۋاپىق. نەشپۈتنىڭ چېچەك مەزگىلىدىكى تېمپېراتۇرىسى 15 - 20 سېلسىيە گرادۇسقىچە بولسا چاڭلىنىشىش يۇقىرى بولىدۇ. نەشپۈت گۈل رېتى ئىچىدە 3 - 5 كىچە گۈلنى تاللاپ چاڭلاشتۇرسا مېۋىلەش نىسبىتى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر تېمپېراتۇرا مۇۋاپىق بولسا ئۈچ كۈن ئىچىدە چاڭلاشتۇرسا مېۋىلەش نىسبىتى 80% تىن يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن مۇۋاپىق ۋاقىت ئىچىدە چاڭلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

**چاڭلاشتۇرۇش تەدبىرلىرى:**

(1) نەشپۈتلۈك باغلارغا ھەسەل ھەرىسى قويۇپ بېرىش

بۇ بىر خىل ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بولۇپ، ھەممە باغلارنى چاڭلاشتۇرۇشقا باپ كېلىدۇ.

(2) چېچەك ئېسىش

داڭسەللى، يالى قاتارلىق چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنىڭ چېچىكى ئېچىلغان شاخلىرىنى سۇ قاچىلانغان قاچىلارغا سېلىپ، دەرەخنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى قىسمىغا ئېسىپ قويۇپ، ھەر كۈنى ئورنىنى شامال يۆنىلىشى بويىچە ئالماشتۇرۇپ تۇرسا چاڭلىنىشقا پايدىلىق.

(3) تەگكۈزۈپ چاڭلاشتۇرۇش ئۇسۇلى

ساپ چاڭ (بىخلىنىش نىسبىتى 75% تىن يۇقىرى) بىلەن كىراخمالنى 3 : 1 نىسبەت بويىچە تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ قېرىنداش، موي قەلەم، چاڭلاشتۇرۇش تاياقچىسى قاتارلىقلار بىلەن ئاستا - ئاستا ئانىلىققا تەگكۈزۈلىدۇ. ناچار ھاۋا شارائىتىدا ئومۇميۈزلۈك تەگكۈزۈش كېرەك. تەگكۈزگەندە ھەربىر گۈل رېتىدىن 3 - 5 كىچە چېچەككە تەگكۈزسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. بۇ كۆپ قوللىنىلىدىغان، تاللاشچانلىقى كۈچلۈك، توغرىلىق نىسبىتى يۇقىرى، چاڭ ئىشلىتىش مىقدارى ئاز بولغان ئۇسۇل بولۇپ، ئادەتتە كۆلىمى كىچىكرەك، ئەمگەك كۈچى كۆپ كېتىدىغان باغلارغا ماس كېلىدۇ.

(4) سىلكىپ چاڭلاشتۇرۇش

چاڭ بىلەن كىراخمالنى 1 : 10 نىسبەت بويىچە تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، پاكىز خالتىغا سېلىپ، ئۇ-

زۇن تاياقچىنىڭ ئۇچىغا باغلاپ، دەرەخنىڭ ئۈستى قىسمىدا سىلكىتىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى، ئەمگەك كۈچى ئاز كېتىدۇ، قىسقا ۋاقىتتا كەڭ كۆلەمدىكى دائىرىنى چاڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ. تېمپېراتۇرا يۇقىرى - تۆۋەن بولۇپ تۇرىدىغان چاغلاردا قوللىنىلىدۇ.

(5) پۈركۈپ چاڭلاشتۇرۇش

چاڭ بىلەن كىراخمالنى 1 : 10 نىسبەت بويىچە تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، چاڭ پۈركۈش ماشىنىسىغا قاچىلاپ، تولۇق چېچەكلىگەندە چېچىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى، ئەمگەك كۈچى ئاز كېتىدۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كەڭ كۆلەمدىكى دائىرىنىمۇ چاڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ. تېمپېراتۇرا يۇقىرى - تۆۋەن بولۇپ تۇرىدىغان چاغلاردا قوللىنىلىدۇ.

(6) سۇيۇقلاندۇرۇلغان چاڭ تېخنىكىسى

20 گىرام سېرىق يېلىمنى ئاز - ئازدىن سېلىپ قايناق سۇ بىلەن ئېرىتىپ، 100 كىلوگىرام سۇ قۇيۇپ سوۋۇتقاندىن كېيىن 50 كىلوگىرام شاۋسەنگەي، 10 كىلوگىرام بور، 13 كىلوگىرام ئاق شېكەر، 80 گىرام چاڭ سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن گۈل ئېچىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن 2 - 3 قېتىم چاڭلاشتۇرساق بولىدۇ. تېمپېراتۇرا يۇقىرى، چېچەك مەزگىلى قىسقا ۋە قۇرغاق ئىسسىق شامال ھاۋارايى شارائىتىدا قوللىنىلىدۇ. چېچەكنى نەملىك ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەپ، چاڭلاشتۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىدۇ.

(7) يازلىق كېسىمگە ئەھمىيەت بېرىش

ياز پەسلىدە ئۇچىنى ياندۇرۇش، بۇلۇڭ گىرادۇسى ئېچىش، قارا نوتىلارنى ئېلىۋېتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، شاخلارنىڭ باراقسان ئۆسۈشى كونترول قىلىنىپ، يورۇقلۇق شارائىتى ياخشىلىنىپ، شاخلارنىڭ بالدۇر پىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، فوتوسىنتېز رولى كۈچەيتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئوزۇقلۇق توپلىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، دەرەخ تېنىدىكى ئوزۇقلۇقلارنىڭ سەرپىياتى ئازايتىلىپ، سوغۇققا قارشى تۇرۇشچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

(8) كېسەل ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش



كېسەل ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئاكتىپ ھالدا فىزىكىلىق، بىيولوگىيەلىك، خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ئۈنۈمۈرسال ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، كېسەل ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ يامراپ كېتىشىنى كونترول قىلىپ، يوپۇرماقلارنى قوغداپ، فوتوسىنتېز ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دەرەخ تېنىدىكى ئوزۇقلۇقلارنىڭ ساقلىنىشى ۋە جۇغلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(9) كۈزدە ئوغۇتلاش

نەشپۈت مېۋىلىرىنى ئۈزۈۋالغاندىن كېيىن 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 10 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە 60 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا، 100 كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇتقا 5 - 10 كىلوگىرام كۈنجىرە ۋە 1 - 3 كىلوگىرام فوسفورلۇق كالىي بىرىكمە ئوغۇتىنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق، دەرەخ تېنىنىڭ تېز سۈمۈرۈشچانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوزۇقلۇق ساقلاشچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، قىشتا ئۈششۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

(10) ئۈششۈككە ئۇچرىغان نەشپۈت دەرەخلىرىنى قۇتقۇزۇش

ئۈششۈپ قالغان شاخلارنى ۋاقتىدا قىسقارتىپ، قۇرۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم كېسەللەنگەن ئورۇنغا ۋاقتىدا ئاسرىغۇچى دورىلارنى سۈرتۈش لازىم.

**مۇھەررىر: زەيتۇنگۈل ئابدۇۋايىت**

www.uyghurkitap.com





# يىلتىز ئۆستۇرگۈچنى يەرلىك ئۇسۇلدا ياساش



ئابدۇكېرىم ھاجى
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئورۇق باشقۇرۇش پونكىتى)

1. گۈرۈچتىن ئېچىتىلغان ئاچچىقسۇدىن پايدىلىنىپ يىلتىز ئۆستۇرگۈچ دورا تەييارلاش: بۇنىڭدا سۈپىتى نىسبەتەن ياخشى بولغان گۈرۈچ ماتېرىيال قىلىنىپ، ئېچىتىلغان ئاچچىقسۇدىن بىر نىسبەت، سۇۋۇتۇلغان قايناق سۇدىن 100 نىسبەت بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .ئاندىن بۇنىڭغا ئۈزۈم قاتارلىق ياغاچ غولluق ۋە پىلەك غوللۇق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ قەلەمچىسىنى 8 ـ 10 سائەتكىچە چىلاپ بىرتەرەپ قىلغاندىن كېيىن تىككەندە، يىلتىز تارتىش ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولۇپلا قالماي، يەنە قەلەمچىدىن ئۆسۈپ چىققان نوتىمۇ ساغلام، تېمەن ئۆسىدۇ.

2. ئاسپىرىن ئېرىتمىسىدىن پايدىلىنىپ دورا تەييارلاش: بۇنىڭدا ئاسپىرىنىنىڭ 0.1 پىرسەنتلىك ئېرىتمىسى، يەنى بىر كىلوگىرام سۇغا 10 گىرام ئاسپىرىن تابلېتكىسى سېلىنىدۇ. ئېرىتمىنى تەييارلاپ، ئۇنىڭغا مېۋىلىك دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ قەلەمچىسىنى چىلاپ بىرتەرەپ قىلغاندا، بىخلىنىش ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ. ئەگەر 0.5 پىرسەنتلىك ئېرىتمىسىگە يۆتكەپ تىكىلىدىغان كۆچەت چىلاپ بىرتەرەپ قىلىنسا، كۆچەتنىڭ قۇرۇپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، ئەي بولۇش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

3. ۋىتامىن ئون ئىككى ئېرىتمىسىدىن دورا تەييارلاش: مېدىتسىنادا ئوكۇل قىلىنىدىغان ۋىتامىن ئون ئىككى ئوكۇل سۈيۈقلۇقىنى بىر ھەسسە سوغۇق قايناق سۇدا سۇيۇلدۇرۇپ، قەلەمچىنىڭ كېسىك يۈزىگە سۈرتۈلسە ياكى قەلەمچىنى بەش مىنۇت چىلاپ ئېلىپ تىككەندە، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆسۈشى تېزلىشىپلا قالماي، بەلكى يەنە توقۇلمىلارنىڭمۇ ئەسلىگە كېلىشى تېزلىشىدۇ.

4. سۆگەت تېلىدىن پايدىلىنىش: بۇنىڭدا باراقسان يوپۇرماق چىقارغان يۇمران سۆگەت تېلى كېسىۋېلىنىپ، يوپۇرماق پۇتىۇنلەي ئۈزۈۋېتىلىدۇ. غول قىسمىنى 4 ـ 8 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ 1.2 ـ 5.1 نىسبەت بويىچە، يەنى بىر كىلوگىرام سۆگەت تېلى، بىر يېرىم ياكى ئىككى كىلوگىرام سۇ بويىچە ئېرىتمە تەييارلىنىپ 10 كۈن ساقلىنىدۇ. بۇ ئېرىتمىگە گۈل ـ گىياھ قەلەمچىسىنى 5 ـ 6 سائەت چىلاپ ئېلىپ تىككەندە ئۈنۈمى

ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ.

5. شېكەر سۈيىدىن پايدىلىنىش: شېكەرنى قايناق سۇغا سېلىپ 5% ـ 10% ئېرىتمە تەييارلاپ سوۋۇتقاندىن كېيىن، قىزىلگۈل، ئەنجۈر، جىغان، شەپەقگۈل قاتارلىق نىسبەتەن ئاسان يىلتىز تارتىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قەلەمچىسىنى 4 ـ 6 سائەت چىلاپ بىرتەرەپ قىلغاندىن كېيىن، تىككەندە يىلتىز تارتىشى تېز بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاسان يىلتىز تارتمايدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى بىرتەرەپ قىلغاندا، شېكەر سۈيىنىڭ قويۇقلۇقى يۇقىرى بولۇشى كېرەك. تەييارلىغان ئېرىتمىنىڭ قويۇقلۇقى قانچە يۇقىرى بولسا، قەلەمچىنى چىلاش ۋاقتى نىسبەتەن قىسقىراق بولىدۇ.

6. ھەسەلدىن پايدىلىنىپ يىلتىز تارتقۇزۇش: بۇنىڭدا بىرتەرەپ قىلماقچى بولغان قەلەمچىنىڭ تۆۋەنكى ئۇچى ھەسەلگە چىلىنىپ ئېلىنغاندىن كېيىن تۇپىغا بىۋاسىتە تىكىلىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىنغان قەلەمچىدە ئاسان يىلتىز چىقىدۇ ۋە ئەي بولۇش نىسبىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

7. مارگەنسوپتىن پايدىلىنىپ يىلتىز تارتقۇزۇش: مارگەنسوپنى سۇغا سېلىپ سۆسۈن قىزىل رەڭگە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، قەلەمچىنى 10 ـ 12 سائەت چىلاپ ئېلىپ تىككەندە، توقۇلمىلار ئوكسىدلىنىشىنىڭ تەسىرىدە تېز شەكىللىنىپ، تېز يىلتىز تارتىدۇ.

**مۇھەررىر: زىمىتۇنگۈل ئابدۇۋايىت**

**************

# ئاپتورلار سەمىگە

ژۇرنىلىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتقان كەڭ ئاپتورلىرىمىز بىلەن ئالاقىلىشىشقا ۋە قەلەم ھەققىنى تارقىتىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى سەمىمىيلىك بىلەن ئەسكەرتىمىز.

1. ئەسەر ئەۋەتكەندە ئېنىق ئادرېسىڭىز، ئىسىم ـ فامىلىڭىز قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىلىشىنى كىملىكتىكى يېزىلىشى بويىچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىڭ. پوچتا نومۇرى ۋە يانفون نومۇرىڭىزنى ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇماڭ.

2. خېتىڭىز ئېنىق، قۇر تاشلاپ يېزىلغان ياكى شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا كومپيۇتېر ئارقىلىق بېسىلغان بولسۇن.

3. ئەۋەتكەن ئەسىرىڭىزنىڭ توغرا ۋە ئۆلچەملىك تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇچە ماۋزۇسىنىمۇ يېزىپ ئەۋەتىڭ.

4. باشقا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتىشكە بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق ئەھۋاللار بايقالسا مەسئۇلىيەت سۈرۈشتە قىلىنىدۇ ۋە كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە ئۆزىڭىز ئىگە بولىسىز.

5. ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىڭىزدە چوقۇم بىر نۇسخا قالدۇرۇپ قويۇڭ، ئەۋەتىلگەن ھەرقانداق ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.

6. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تارقىتىش ھوقۇقى بىزدە، باشقا جايلاردا كۆچۈرۈپ ئېلان قىلىشقا بولمايدۇ.

7. تور ئارقىلىق تەرجىمە ئەسەر ئەۋەتكەندە خەنزۇچە ئارگىنالىنى قوشۇپ ئەۋەتىڭ.

# جەنۇبىي شىنجاڭدا شېففلېرا چاتقىلىنى ئائىلىلەردە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

روزمەمەت ئىمىن
(خوتەن ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى)



رايونىمىزنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى ئىچكى قۇرۇقلۇقتا جايلاشقان بولۇپ، بوستانلىق ئاز، قۇملۇق رايونى بىر قەدەر كۆپ بولغان قۇرغاق رايون بولغاچقا، مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇب قىسىملىرىدا ئۆسىدىغان شېففلېرا چاتقىلىنى پەقەت ئائىلىلەردە، مېھمانسارايلارنىڭ چوڭ زاللىرىدا بېقىشقا ماس كېلىدۇ، بۇ چاتقالنى ئۆستۈرگەندە، ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ساپلاشتۇرۇش، ھاۋادىكى نىكوتىن ۋە زەھەرلىك گازلارنى تازىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى ھەممە فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق پايدىلىق بولغان ئوكسىگېن ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا مەن مەزكۇر چاتقال تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى ئائىلىلەردە بېقىش توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى يەكۈنلەپ ئۆتمەكچىمەن.

### 1. ئۆسۈش ئالاھىدىلىكى

مەزكۇر چاتقال ئىسسىقلىق ۋە نەملىكنى تەلەپ قىلىدۇ، تۇپراق قاتلىمى مۇنبەت بولغان كىسلاتالىق تۇپراقتا ئۆسۈشى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ. ئۇنۇمسىز تۇپراقتىمۇ چىدامچانلىقى ئىگە. 16℃ - 27℃ لىق تېمپېراتۇرىدا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان بولۇپ، 3 - ئايدىن 9 - ئايغىچە تېمپېراتۇرا 21℃ - 27℃ بولسا، 9 - ئايدىن ئىككىنچى يىلى 3 - ئايغىچە تېمپېراتۇرا 16℃ - 21℃ بولسا بىر قەدەر ياخشى بولغان ئۆسۈش تېمپېراتۇرىسى ھېسابلىنىدۇ. قىشتا تېمپېراتۇرىسى 5℃ تىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك، ئەگەر بەك تۆۋەن بوپ كەتسە، تۈپى مۇزلاپ يوپۇرماق تۆكۈلۈش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، شېففلېرا چاتقىلى قۇرغاق مۇھىتتا ئۆستۈرۈشكە ماس كەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھاۋانىڭ نەملىكى يۇقىرى، تۇپراق نەملىكىمۇ ياخشى بولغان ئەھۋالدا غول ۋە يوپۇرماقلىرى بۈك - باراقسان ياخشى ئۆسىدۇ. ئەمما بەك كۆپ سۇغۇرۇلماسلىقى لازىم، بولمىسا يىلتىز قىسمىدا سۇ يىغىلىپ قېلىپ، يىلتىزنى سېسىتىپ، قۇرۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ناۋادا تەشتەكنىڭ سۈيى كەمچىل ياكى ئۇزۇن مۇددەت بەزىدە سۇغىرىپ بەزىدە سۇ-

غارمىغاندا يوپۇرماق تۆكۈلۈش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

شېففلېرا چاتقىلى ئۆستۈرگەن تەشتەك تۇپىسى، ئۆينىڭ ھاۋاسى ۋاقىتلىق قۇرغاقراق بولسىمۇ ماسلىشىپ كېتەلەيدۇ، ئەمما ئۇزۇن مۇددەت كۈن نۇرى بەك چۈشىدىغان جايغا قويماسلىق لازىم.

شېففلېرا چاتقىلىنىڭ كۈن نۇرىغا بولغان ماسلىشىشچانلىقى يۇقىرى بولغاچقا، نەملىكى مۇۋاپىق بولغان شارائىتتا كۈن چۈشىدىغان ياكى كۈنگەي جايلاردىمۇ ماسلىشىپ كېتەلەيدۇ، ئەمما كۈننىڭ نۇرىنىڭ چۈشۈشى يوپۇرماق رەڭگىدە ئىپادىلىنىدۇ. كۈن نۇرى كۈچلۈك چۈشكەندە يوپۇرماق رەڭگى سۇس رەڭدە، يېرىم چۈشكەندە ياكى كۈنگەي ۋاقىتتا يوپۇرماق رەڭگى قېنىق يېشىل رەڭگە كىرىدۇ.

چاتقال ئۆستۈرۈلگەن تۇپراق چوقۇم مۇنبەت، ھاۋا ئۆتۈشۈشچانلىقى ۋە سۇ چىقىرىشى ياخشى بولغان قۇمساق تۇپراق بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. شۇڭا تەشتەكتىكى تۇپراق چوقۇم تورفلىق تۇپراق، چىرىگەن تۇپراق ۋە قۇم تۇپراق ئارىلاشتۇرغان تۇپراق بولسا ياخشى بولىدۇ.

## 2. كۆپەيتىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇللىرى

شېففلېرا چاتقىلىنى يېتىشتۈرۈشتە تېرىش ۋە قەلەمچە قىلىپ سانچىش ئۇسۇلى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

(1) تۇپراققا قەلەمچە قىلىپ كۆپەيتىش ئۇسۇلى

ئۆي ئىچى تېمپېراتۇرىسى 16℃ - 25℃ بولغان ۋاقىتتا، شېففلېرا چاتقىلىنىڭ غولىدىن 10 - 15 سانتىمېتىرغىچە كېسىۋېلىنىدۇ، ئاندىن ئوخشاش تومۇلۇقتىكى تاياقچە بىلەن تەييارلانغان تەشتەكتىكى تۇپراققا سانچىپ تۆشۈك ئېچىپ، ئاندىن كېسىۋېلىنغان قەلەمچىسى تۆشۈككە سېلىنىپ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى ئاجىز بولغان جايغا قويۇلىدۇ، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى بىر قېتىم، يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ سۇ پۈركۈش لازىم. يىلتىز چىقارغاندىن كېيىنكى 15 - 30 كۈن ئىچىدە باشقا تەشتەككە كۆچۈرۈلسە بولىدۇ. باشقا تەشتەككە كۆچۈرگەندە بەش ئۈلۈش تەشتەك تۇپىسى ئۈچ ئۈلۈش باغ تۇپىسى، ئىككى ئۈلۈش چىرىندى تۇپىنى ئارىلاشتۇرۇپ، قاندۇرۇپ سۇغۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، كۈنگەي ئورۇنغا قويۇپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن نورمال كۈن نۇرى چۈشىدىغان ئورۇنغا قويۇلسا بولىدۇ.

(2) سۇدا قەلەمچە قىلىپ كۆپەيتىش ئۇسۇلى

مىنېرال سۇ بوتۇلكىسى، ئەينەك بوتۇلكا قاتارلىقلارنى پاكىز يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن، ئىچىگە پاكىز سۇ قۇيۇلىدۇ، ئاندىن شېففلېرا چاتقىلى تۈپىدىن ئاستى تەرىپىنى تەكشى قىلىپ سەككىز سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىۋېلىپ تەييارلىنىدۇ. ئاندىن قۇتىغا پاكىز سۇ قۇيۇلۇپ، نۇر ئۆتكۈزۈشچان يالتىراق بىلەن يۆگەپ، قەلەمچىنى ئامال قىلىپ مىنېرال سۇ بوتۇلكىسى ياكى ئەينەك بوتۇلكىنىڭ گىرۋەكلىرىگە ياكى ئاستى قىسمىغا تەگكۈزمەي، نۇر قايتىدىغان ئورۇنغا قويۇلىدۇ، ئۆي ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 15℃ - 25℃ بولۇشى لازىم. چاتقال قەلەمچىسى ئاستىدىن بىر - ئىككى سانتىمېتىرغىچە ئاق يىلتىزى ئۆسۈپ چىققاندا تەشتەككە كۆچۈرۈلسە بولىدۇ.

(3) ئېگىز شاخلىرىنى قەلەمچە قىلىش ئۇسۇلى

بۇ ئۇسۇلدا، 4-، 6-ئايلاردا ئىككى يىللىق بولغان شېففلېر چاتقىلى غولىدىن بىر سانتىمېتىر كەڭلىكتە ئۆتكۈر پىچاق بىلەن قوۋزاق قىسمىنى ئېلىۋېتىپ، يالتىراق ئىچىگە باغ تۇپىسىنى توشقۇزۇپ ئاندىن يالتىراق بىلەن ئىككى ئۇچى چىڭ چىگىۋېتىلىدۇ، ھەر كۈنى ئوكۇل يىڭنىسى بىلەن سۇ كىرگۈزۈپ، نەملىكى ساقلىنىدۇ، يىل-



www.uyghurkitap.com



تېز چىقارغاندىن كېيىن، ئانا تەندىن كېسىپ ئاجرىتىپ، تەشتەككە كۆچۈرۈلسە بولىدۇ.

**3. سۇغىرىش**

ياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغاچقا، چاتقالنى چوقۇم مۇۋاپىق مىقداردا، ۋاقتىدا سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. هاۋا قۇرغاق ۋاقىتتا، شېففلېرا چاتقىلىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا سۇ پۈركۈپ نەملىكىنى ئاشۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم. ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە ھەپتىدە بىر ياكى ئىككى قېتىمغىچە سۇغىرىلسا بولىدۇ، قىش پەسلىدە سۇنى مۇۋاپىق مىقداردا تىزگىنلەش لازىم. ئەگەر ئۆسۈملۈكنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى تەڭپۇڭسىز بولسا، يەنى تۇپراق بەك قۇرۇق ۋە بەك نەم بولغاندا ياكى ئۇزۇن مۇددەت كۈنگەي يەرلەردە تۇرغاندا، ئاسانلا يوپۇرماق تۆكۈلۈش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

**4. ئوغۇتلاش ۋە چاتاش**

شېففلېرا چاتقىلى 3 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئەڭ باراقسان ئۆسۈش مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككى - ئۈچ ھەپتىدە بىر قېتىم بىرىكمە ئوغۇت ۋە كۈنجۈرە سۈيى بېرىش لازىم. گۈللۈك سورتلىرىغا بولسا ئازوتلۇق ئوغۇتنى كۆپ بەرمەسلىك لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا گۈل رەڭگى يېشىل رەڭگە كىرىپ، ئەسلىدە بار بولغان خاسلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇ خىل چاتقالنىڭ ئۆسۈش كۈچى شاخلىرى تېز ئۆسىدىغان بولغاچقا، شاخلىرىنى مۇۋاپىق كېسىپ، يان شاخلىرىنىڭ ئۆسۈپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. كىچىك چاتقاللارنى چاتاشتا يېنىك ۋە شالاڭ چاتاپ، شەكىلگە كىرگۈزۈشنى ئاساس قىلىش لازىم. تەشتەك ئالماشتۇرغاندا قېرى، يوغان تۈپلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئېغىر چاتاش، يىلتىز قىسمىنىمۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ چاتىۋېتىش لازىم.

**5. دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش**

دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەردىن يوپۇرماق داغ كېسىلى، قاسىراقلىق قۇرت ۋە قىزىل ئۆمۈچۈك كېسىلى قاتارلىقلار بار.

(1) يوپۇرماق داغ كېسىلى: بۇ خىل كېسەللىك



كۆرۈلگەندە %0.5 - %0.6 لىك بوردو سۇيۇقلۇقى (0.5 - 0.6 ئۈلۈش ھاك، 0.5 - 0.6 ئۈلۈش مىس سولفات، 99 ئۈلۈش سۇ قوشۇلۇپ تەييارلىنىدۇ) نى چېچىش كېرەك ياكى %70 لىك جىياجى توبۇجىن پاراشوكىنى ياكى %50 لىك دوجۇنلىڭ ئېرىشچان پاراشوكىنى 800 - 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش لازىم.

(2) قاسىراقلىق قۇرت: جىيې بىجى دورىسىنى 750 - 1000 ھەسسىگىچە سۇيۇلدۇرۇپ، قاسىراقلىق قۇرت كۆپ بولغان جايلىرىغا چېچىش لازىم، چاتقاندا يەرگە پۈركىگەن دورا تامچىلىمىسىلا بولىدۇ. ئېغىر بولغاندا، 7 - 10 كۈنگىچە بىر قېتىم چېچىلسا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

(3) قىزىل ئۆمۈچۈك: يۇز بېرىشى ئەۋجىگە چىققاندا، %20 لىك سەنلۇ شامەنچۈن سۇيۇقلۇق دورىسىنى 500 - 600 ھەسسىگىچە چېچىش، %40 لىك لېگونى 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش لازىم. %10 لىك تيەنۋاڭشىڭنى 3000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركىسىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ دورىغا بولغان ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئامال بار دورىلارنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتسە، زىيانداشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر گېزىز**

# پىسخىك ساغلاملىق ئۆلچىمى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

ئوسمانجان ئابلەت
(شىنجاڭ نەشرىيات تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى)

پىسخىك ساغلاملىق بىلىملىرىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز پىسخىك ساغلاملىقىغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيمەكتە. فىزىيولوگىيەلىك ساغلاملىقنىڭ ئۆلچىمى بولغىنىدەك، پىسخىك ساغلاملىقنىڭمۇ ئۆلچىمى بار. ئەمما، پىسخىك ساغلاملىقنىڭ ئۆلچىمى، فىزىيولوگىيەلىك ساغلاملىق ئۆلچىمىدەك كونكرېت ۋە ئوبيېكتىپ بولمايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەم ئېغىزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 37.3 سېلسىيە گرادۇستىن ئۆرلەپ 38 سېلسىيە گرادۇسقا يېقىنلاشسا، فىزىيولوگىيەلىك جەھەتتىن تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق قىزىش دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما، بىر ئادەمنىڭ قاپاقنى تۈرۈپ، ئاچچىقلاپ ئولتۇرغانلىقىغا قاراپلا، ئۇنى پىسخىك جەھەتتىن ساغلام ئەمەس ئىكەن، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. پىسخىك ساغلاملىق ئۆلچەملىرى ئابستراكت بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ پىسخىك ساغلاملىق توغرىسىدا ئېنىق بىر تونۇشقا كېلىپ، ئۆز پىسخىك ساغلاملىقىنى ياخشى ئاسرىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، پىسخىك ساغلاملىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىمنى، پىسخىك ساغلاملىققا ئەھمىيەت بېرىۋاتقان ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

پىسخىك ساغلاملىق نېگىزلىك مەنىسىدىن قارىغاندا، تۇرمۇش، خىزمەت ۋە ئۆگىنىش جەريانىدا يولۇققان مەسىلىلەرگە پىسخىك جەھەتتىن ئاكتىپ، ھەرىكەت جەھەتتىن ئىجابىي ئىنكاس قايتۇرۇپ، باشقىلار بىلەن نورمال پىكىرلىشىپ، ياخشى ماسلىشالايدىغان ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. كۆڭۈلدىكىدەك پىسخىك ساغلاملىق بولسا، خاراكتېرى كەمكۈتىسىز، ئەقلى نورمال، بىلىشى توغرا، چۈشىنىشى دەل، ھېسسىياتى جايىدا، ئىرادىسى مۇۋاپىق، پوزىتسىيەسى ئاكتىپ، قىلمىشى مۇلايىم ۋە ماسلىشىشى ئوبدان بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئادەتتە پىسخىك ساغلاملىقنى ئۆلچەيدىغان مۇۋاپىق ئۆلچەمنى بىلىۋالغاندا، ئۇ ئۆلچەمنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆز پىسخىك ساغلاملىقىغا قارىتا توغرا باھا بەرگىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا، پىسخىك ساغلاملىقنىڭ ئۆلچىمى زادى قانداق؟ پىسخولوگلار پىسخىك ساغلاملىقنىڭ ئومۇملاشقان، ئۇنىۋېرسال ئۆلچىمىنى تۆۋەندىكى تۈرلەر بويىچە شەرھىلەيدۇ.

1. بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، قەدىر-قىممەت قارىشى مۇۋاپىق بولۇش.

2. ئۆز نەتىجىلىرىگە توغرا باھا بېرەلەيدىغان بولۇش.

3. ئۆزىنى مۇۋاپىق تەنقىد قىلالايدىغان، ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىپمۇ كەتمەيدىغان ھەم قاتتىق ئەيىپلەپمۇ كەتمەيدىغان بولۇش.

www.uyghurkitap.com



4. كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرالايدىغان، مۇھىتنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالمايدىغان بولۇش.

5. ئاقىل، ئەمەلىي، ئوبيېكتىپ ھالدا رېئاللىققا قەيسەرلىك بىلەن يۈزلىنەلەيدىغان، تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، تۇرمۇشنى زىيادە غايىۋىلەشتۈرۈۋالمايدىغان بولۇش.

6. ئۆز ئېھتىياجلىرىنى مۇۋاپىق قوبۇل قىلالايدىغان ھەم ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالايدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلىغان بولۇش.

7. ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆزىنىڭ مۇددىئاسى ۋە مەقسىتىنى بىلىش، ئۆز ئىقتىدارىنى ئوبيېكتىپ مۆلچەرلىيەلەيدىغان بولۇش.

8. خاراكتېرىنى مۇكەممەل ۋە ماس تۇتۇش، شەخسىي قىممەت قارىشى جەمئىيەتنىڭ ئۆلچىمىگە لايىق كېلىش، دىققىتىنى ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە قارىتالايدىغان بولۇش.

9. رېئاللىققا ئويغۇن تۇرمۇش نىشانى بولۇش.

10. كەچۈرمىشلىرىدىن ساۋاق ئالالايدىغان، مۇھىتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ ئۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بولۇش.

11. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ياخشى، باشقىلارنى سۆيەلەيدىغان ھەم سۆيۈلەلەيدىغان بولۇش.

12. جەمئىيەتنىڭ ئۆلچەملىرىگە مۇخالىپ كەلمىگەن ئاساستا، خۇشامەتچىلىك قىلماي، ياخشىچاقمۇ بولماي، ئۆزىنى كونترول قىلغان ئاساستا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ھەق - ناھەق قارىشىدا چىڭ تۇرالايدىغان خاسلىقىنى ساقلاش.

پسىخىك ساغلاملىق ئۆلچەملىرى بىلەن پسىخىك ھالەتلەرنى ئەمەلىي سېلىشتۇرۇشقا يەنە نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان ئامىللارمۇ



بار. بۇ ئامىللار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىسى، پسىخىك ساغلاملىقنى تىزگىنلەيدىغان ئامىللار. بۇلار تۇغما ئىرسىي ئامىل، تاشقى مۇھىتنىڭ غىدىقلاش كۈچىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، پسىخىك ساپانىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ۋە پسىخىك ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمىتىگە ئېرىشەلەيدىغان - ئېرىشەلمەيدىغانلىقى قاتارلىقلاردۇر. بۇلار ئادەمنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىسى، ياش ۋە جىنس ئامىلى. بالىلار، ئۆسمۈرلەر، ياشلار، قۇرامىغا يەتكەنلەر، قېرىلار شۇنداقلا قىز - ئوغۇل، ئەر - ئاياللارنىڭ ھەر قايسى ياش باسقۇچلىرىدىكى پسىخىك ساغلاملىق ئەھۋالى، پسىخىك ساغلاملىق ئۆلچىمى، ئۆلچەش شەرتلىرىمۇ ئۆز ئالدىغا ئوخشىمايدۇ.

ئۈچىنچىسى، مەدەنىيەت ۋە ئېتىقاد ئارقا كۆرۈنۈشى. ھازىر بىز قوللىنىۋاتقان پسىخىك ساغلاملىق ئۆلچەملىرىنى، مەدەنىيىتى ۋە ئېتىقادى بىز بىلەن ئوخشىمايدىغان، غەرب پسىخولوگىيە ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي ماس كېلىشى ناتايىن.

تۆتىنچىسى، فىزىيولوگىيەلىك ساغلاملىق ئەھۋالى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» دېگەن تەمسىلنى ناھايىتى توغرا ئېيتقان. تېنىمىز ساغلام بولمىسا، ئەقلىمىزگە تەسىر قىلىپلا قالماستىن، يەنە پسىخىك ساغلاملىقىمىزغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ھازىر رايونىمىزدا ئومۇملىشىپ قالغان قالقانبەز ھورمونى ئازلاپ كېتىش كېسەللىكى ئادەمنىڭ نورمال پسىخىك پائالىيەتلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرماقتا.

يۇقىرىدىكى تۆت ئامىلنى نەزەرگە ئالماي، پسىخىك ساغلاملىقنى ئۆلچەپ، باھا بەرگەندە توغرا يەكۈنگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بۇ بىزنىڭ پسىخىك ھالەتلىرىمىزدە كۆرۈلگەن نورمال بولمىغان ئەھۋاللارغا قارىتا، ئالدىراپلا پسىخىك توسالغۇ ياكى پسىخىك كەمتۈكلۈك دەپ باھا بېرىۋېلىشىمىزنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، پسىخىك ساغلاملىقىغا باھا بېرىشتە، سەۋرچان، ئىلمىي ۋە ئەتراپلىق بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. زۆرۈر بولغاندا، پسىخىك دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئەڭ ئاقىلانىلىق.

مەيلى قانداق ئۆلچەم بىلەن پسىخىك ساغلاملىقنى ئۆلچەيلى ياكى ئۆلچىتەيلى، پسىخىك ساغلاملىققا بېرىلگەن باھانى بىر تەرەپلىمە ھالدا مۇتلەق توغرا دەپ چۈشىنىۋالماسلىقىمىز لازىم. ئازراق پسىخىك كەمتۈكلۈك ياكى پسىخىك مەسىلىگە يولۇقساقلا، پسىخىكام نورمال ئەمەس، دەپ ئۆزىمىزگە بېسىم قىلىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. پسىخىكىسى نورمال ئادەملەرنىڭ پەقەت دىلخەستىلىكى يوق، كەيپىياتى ياخشى، يۇرۇش - تۇرۇشى مۇلايىم بولىدۇ، دەپ قارىۋالساقمۇ توغرا بولمايدۇ. پسىخىكىسى نورمال ئادەمنىڭمۇ كەيپىياتى ناچار، قىلىقلىرى پاسسىپ بولۇپ قالىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. قىسقىسى، پسىخىك ساغلاملىق ئۆلچىمى، پسىخىك ساغلاملىقىمىزنى ئۆلچەيدىغان بىر ۋاستە، ھەرگىزمۇ ئاخىرقى ھۆكۈم ئەمەس. شۇڭا، پسىخىك ساغلاملىق ئۆلچەملىرىنى توغرا ئىگىلىشىمىز، ياخشى چۈشىنىشىمىز، ئوبدان قوللىنىشىمىز ۋە نەتىجىسىگە سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. پسىخىك ساغلاملىق تۇرمۇشقا ماسلىشالايدىغان ياخشى ھالەتلەرنىڭ يىغىندىسى. تۇرمۇش، خىزمەت ۋە ئۆگىنىش مۇھىتىمىزغا ياخشى ماسلىشىپ، ھەربىر كۈنىمىزنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزەلىسەك، پسىخىكىمىزنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**مۇھەررىر: ئاسىيە ھېمىت**

# لايىھەلەش سەنئىتىدە ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم

قەيسەر مەتىمىن
(ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى)

هازىرقى زامان لايىھەلەش زامانىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، يۇقىرى تەلەپكە يەتكەن بولۇشى لازىم. چۈنكى هازىرقى يۇقىرى پەن - تېخنىكا دەۋرى، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى، شۇڭا ئۇچۇر دەۋرىدىكى لايىھەلەش سەنئىتىدە جەزمەن مۇشۇ دەۋرنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسى، تېخنىكا سەۋىيەسى، ماتېرىيال سەۋىيەسى، ئىستېمال سەۋىيەسى ۋە ئىستېتىك سەۋىيەسى ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئاساسىي تەلەپلەرنى ئورۇنداش لازىم.

**1. لايىھەلەش سەنئىتىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى.**

لايىھەلەش سەنئىتىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى مەھسۇلاتلارنى لايىھەلەشتىكى مەقسەت ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر لايىھەلەشتىكى مەقسەت ۋە ئۈنۈم ئالدىن مۆلچەرلەنگەن نىشانغا ئۇيغۇنلاشقان ياكى شۇ تەلەپكە يەتكەن، شۇنداقلا ئەمەلىي نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسا، بۇ لايىھە ئۈنۈملۈك بولغان بولىدۇ. چۈنكى هازىرقى دەۋردىكى لايىھەلەش تېخنىكىسىدا لايىھەنىڭ ئۈنۈمى ئاساس قىلىنىدۇ. مەھسۇلاتلارنىڭ ئۈنۈمى كۆپ خىل ياكى كۆپ قاتلاملىق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاساسىي ئۈنۈمىنى كۆزدە تۇتۇش بىلەن بىللە، باشقا ئۈنۈمىگىمۇ تەڭ ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

**2. لايىھەلەش ئۈنۈمىنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى.**

لايىھەلەش ئۈنۈمى زور مىقداردىكى لايىھەلەش نەزەرىيەسىنى ئاساس قىلىدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىردە ئۆتكەن يۇنانلىق پەيلاسوپ سوقرات كېيىنكىلەرگە مۇنداق بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆزنى قالدۇرغان: «ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۈنۈم جەھەتتىكى مەقسىتى ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، ئۇ تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.» مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 - ئەسىردىكى يۇنانلىق ئارخىتېكتور ۋىتلۇۋى قۇرۇلۇش لايىھەلەشتە قۇرۇلۇش پۇختا ۋە چىدامliق بولۇش، ئەمەلىي ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇش، كۆركەم بولۇشتىن ئىبارەت «ئۈچ تەرەپ گەۋدىلەشكەن» لايىھەلەش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، تارىختا ئۆتكەن ئارخىتېكتور ۋە لايىھەلىگۈچىلەرنىڭ لايىھەلەش ئۈنۈمى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بىر - بىرىدىن ئېشىپ چۈشكەن.

**3. لايىھە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان قارىشى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشكە قارىتا پىكىر يۈرگۈزۈشى ھەم تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر.**

كىشىلەر ئۆي - ئىمارەتلەردە ئادەم تۇرىدىغانلىقىنى، هويلا - ئارامlاردا ئادەملەرنىڭ ئارام ئالىدىغانلىقىنى، ئاپتوموبىل، پويىز، پاراخوت ۋە ئايروپىلاندا ئادەم ۋە ماللارنىڭ توشۇلىدىغانلىقىنى، كىيىم - كېچەك ئارقىلىق ئادەملەر سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىدىغانلىقىنى، ھەرخىل ماركىلارنىڭ پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ... شۇڭا هازىرقى زامان لايىھەلەش سەنئىتىنىڭ يادروسى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بولۇپ، لايە-

ھەلەش سەنئىتى ئۆزىنىڭ رولى جەھەتتە ئادەمنى ئاساس قىلىدۇ. مەسىلەن، ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھازىرقى بىناكارلىق بېزەكچىلىك لايىھەلەش سەنئىتىدىمۇ ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى ئاساسىدا ھازىرقى زامان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىلىپ، ئۆي - ئىمارەتلەر شەكلى ۋە قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن زامانىۋى تۈس ۋە مىللىي پاسوندا بېزەلمەكتە.

لايىھەلەش ئۈنۈمىدە، مەھسۇلات ۋە مۇھىتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن چۈشەنچە ھاسىل قىلىش لازىم: بىرىنچى، فىزىيولوگىيە ئىلمىنى چۈشىنىش لازىم. ئىككىنچى، مەھسۇلات ۋە مۇھىتنى شەكىللەندۈرىدىغان ھەرخىل ئامىللارنى چۈشىنىش لازىم. ئۈچىنچى، مەھسۇلاتلارنىڭ ئوبوروت شەكلى ۋە قۇرۇلمىسىنى چۈشىنىش لازىم. لايىھەلەشنىڭ ئېستېتىك رولى جەھەتتە، پسىخولوگىيە، ئېستېتىكا، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئادەم بەدىنى تېخنىكىسى، ئېتنوگرافىيە قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش لازىم. سىمۋوللۇق خاراكتېرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە، پەلسەپە، سوتسولوگىيە، ئادەم بەدىنى تېخنىكىسى، ئېتنوگرافىيە قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش لازىم. تەربىيەۋى رولىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە، پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا، بازار ئىلمى، ئۈچۈر ئىلمى، مۇھىت فىزىيولوگىيەسى، ماتېرىيال ئىلمى، ئىقتىسادشۇناسلىق، لايىھە ئېستېتىكىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش لازىم.



**4. ئۈنۈمنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.**

لايىھەلەش ئۈنۈمىگە ئېرىشىشتە، لايىھەلىنىدىغان مەھسۇلاتنىڭ ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇشتىن ئىبارەت ئۈنىۋېرسال ئۆلچەم بولىدۇ. ئۇ مۇرەككەپ ۋە كەڭ دائىرىلىك ئۆلچەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىرقى زامان بىناكارلىق سەنئىتى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى ئىسلاھاتى، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن بىناكارلىقتا ھازىرقى زامان بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلگەن تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى، سودا - ساراي، ئىدارە - ئورگان، زاۋۇت، مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرى زامانغا لايىق پۇختا ۋە كۆركەم لايىھەلىنىپ، يېڭى تەرەققىياتنى، مەدەنىيەت - سەنئەتنى ۋە يېڭى دەۋر روھىنى نامايان قىلىۋاتىدۇ.

كىشىلەر لايىھەلەش سەنئىتىدە تۇرمۇشنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈشكە موھتاج. زامانىۋى لايىھەلەش سەنئىتىدىكى روھ لايىھەلەشتىكى ئىجادىي مەزمۇندا ئىپادىلىنىدۇ. ھەربىر يېڭى ئىجادىي مەزمۇننى ئاچىدىغان ئىجادىي مەزمۇن ئالدى بىلەن لايىھەلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئاساسلىق تەلىپىنى قاندۇرۇشى لازىم. لايىھەلىگۈچى ئۈنۈملۈك لايىھەلەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، لايىھەلەش سەنئىتىنىڭ ھەرخىل تەلەپلىرىنى تىرىشىپ ئورۇندىغاندىلا، ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە ئىجادىي پىكىرگە ئىگە بولالايدۇ ھەم ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر ئېزىز**

# ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا

ئەسئەت ھاشىم
(ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى)

**1. ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنلىرى**

ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاقى — ئارخىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارنىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ھەرىكەت ئۆلچىمىنى كۆرسىتىدۇ. ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاقى ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملىرىنىڭ كەسپىي خىزمەت جەريانىغا قويۇلغان ھەرىكەت تەلىپى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملىرىنىڭ جەمئىيەتتە ئۈستىگە ئالغان ئەخلاق مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى بولۇپ، ئۇ ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملىرى بىلەن مۇلازىمەت ئوبيېكتى، ئارخىپ كەسپى بىلەن ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملىرى، ئارخىپ كەسپى بىلەن باشقا كەسىپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**2. ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى**

ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاقىنىڭ تەڭشەك رولى كەڭ دائىرىلىك بولىدۇ. ئارخىپ خىزمىتى بىر چوڭ سىستېما بولۇپ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپ ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بۇ چوقۇم تۈرلۈك مەنپەئەتلەرگە چېتىلىپ، قىسمەن زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇ توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىشتا، مەمۇرىي، قانۇن، ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەرنى تەدبىقلىغاندىن باشقا، ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاقىنىڭ تەڭشەك رولى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاقىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر قاتلاملىقققا ئىگە بولىدۇ. پارتىيە - مەمۇرىي ئورگانلار ۋە ھەربىي قىسىم قاتارلىق ئورگانلاردىكى ئارخىپ خادىملىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ سىياسىۋىيلىقىغا قويۇلىدىغان تەلەپ گەۋدىلىك بولىدۇ؛ ئارخىپخانا ۋە ئارخىپخانا خىزمەتچىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بولۇپمۇ، دۆلەت ئارخىپخانىسىنىڭ جەمئىيەتكە ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى بار بولۇپ، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش تەلىپى گەۋدىلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاقىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر قاتلاملىقققا ئىگە بولىدۇ.

**3. ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ كەسپ ئەخلاقىدىكى مۇھىملىقى**

ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتى نىسبەتەن مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ئاز، بۇنداق مۇھىت ئارخىپ خادىملىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇش، بارلىق خىزمەتلەرنى ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئاڭلىقلىقى ۋە خوجايىنلىق روھىغا تايىنىپ، ھېرىپ چارچاشتىن قورقماي، شارائىت بىلەن ھېسابلاشماي، خىزمەتلەرنى پۇختا ۋە ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. ئەگەر بۇ ئاساسىي ئامىللارنى يېتىشتۈرۈشكە دىققەت قىلمىغاندا، يۈكسەك كەسپ ئەخلاقىنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئارخىپلار

تەشەببۇسكارلىق بىلەن يىغىۋېلىنمايدۇ، ئەستايدىل رەتلەنمەيدۇ ۋە ياخشى ساقلاپ باشقۇرۇلمايدۇ، مۇلازىمەت جايىدا ئەمەلىيلەشمەي، ئارخىپ خىزمىتى ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلمەيدۇ، ئارخىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ بۇ كەسىپنى قىزغىن سۆيۈش دېگەنلەردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان، كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر تۈرلۈك خىزمەت بولۇپ، ئاز ياكى كۆپ، ياخشى ياكى ناچار ئىشلىسىمۇ كىشىلەر ئۇنى ئاسانلىقچە بايقىيالمايدۇ. ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتى بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملارنىڭ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىماي، ئۈن - تىنسىز ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت قىلىشىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ، بىر تۈرلۈك مۇلازىمەتچانلىقى كۈچلۈك خىزمەت، ئۇ گەرچە ماددىي بايلىق يارىتالمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ ئۆزى ماددىي بايلىق يارىتىشتىكى بىر ۋاستە بولالايدۇ. ئارخىپ مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە چوقۇم ئارخىپ مۇلازىمەت ئېڭىنى يېڭىلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. ئارخىپ باشقۇرۇش خادىملىرى ئاۋۋال مۇلازىمەت ئېڭىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، كونا كۆز قاراشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشى، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى كېرەك. مۇلازىمەتتە قىزغىن بولۇپ باشقىلارغا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىشى، كەسىپ ئەخلاقى جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىپ، توغرا قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇشى كېرەك. ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇلازىمەتچانلىقى مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتتىكى ئاساسلىق ئامىل بولۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان ھالقا ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئارخىپ باشقۇرۇش خادىملىرى كەسىپ ئەخلاقىنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت شەكلىنى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاپ، مۇلازىمەت يوللىرىنى كېڭەيتىشى، ئىش ئورنىنى قىزغىن سۆيۈپ، جاپاغا چىداشقا ماھىر بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىشى، تۆھپە قوشۇشنى خۇشاللىق دەپ بىلىپ، نام - مەنپەئەتنى قوغلاشماسلىقى كېرەك.

**4. ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ يوللىرى**

ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاقى ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ھەرىكىتىنى قاتلاملىق چەكلەپلا قالماستىن، ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

1) قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاقىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا بىر تەرەپتىن ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاقىنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاقى توغرىسىدىكى تەشۋىقات - تەربىيە سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىدىيەۋى مەدەنىيەت بازىسىنىڭ كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇپ، ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنى توغرا جامائەت پىكرى ئاساسىدا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە تونۇشىنى «سەممىيلىكنى ئاساس قىلىش، ئەخلاقنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش» قا قويۇپ، ئارخىپ باشقۇرۇش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك.

2) قانۇن - نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، كاپالەت سىستېمىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى قانۇنىي جەھەتتىن قوللاش ۋە كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك ئارخىپ باشقۇرۇش تارماقلىرى ئارخىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باشقۇرۇش قانۇن - نىزاملىرىنى ئورناتقان ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەندە، ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاقىنىڭ كونكرېت تەلەپلىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاقىنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈنۈملۈك تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاقىنى نازارەت قىلىش ۋە باھالاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئارخىپ باشقۇرۇش كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلمىي، ئۈنۈملۈك بولغان جەمئىيەت باشقۇرۇش خىزمىتىگە كىرگۈزۈپ، ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئەمەل قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ھەمدە تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشنى بىرلەشتۈرۈش، كەسپىي ئەخلاقى بويىچە مۇكاپاتلاش - جازالاش مېخانىزمى ئورنىتىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنى ئۈزلۈكسىز مائارىپ بويىچە قاتلاممۇقاتلام تەربىيەلەش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بەشىنچىدىن، كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى تۈرلۈك كەسپىي خىزمەتلەر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك.

3) مېخانىزم ئورنىتىپ، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇشتا چوقۇم يۈرۈشلەشكەن مېخانىزم ئورنىتىش كېرەك. بىرىنچىدىن، رەھبەرلىك مېخانىزمى ئورنىتىش. ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈندىلىك ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئۆلچىمىنى تۈزۈپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قۇرۇلۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، تەكشۈرۈپ باھالاش مېخانىزمى ئورنىتىش. ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە قارىتا مىقدارلاشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ باھالاش بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈپ باھالاشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ئەخلاق ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى كۈچەيتىش، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق - ھەققانىيلىق مەسئۇلىيىتىنى ئويغىتىپ، يۈكسەك ئادىل بولغان قويۇق كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملىرىنىڭ ئېسىل ئەخلاقى پەزىلىتى ۋە ساپاسى زامانىۋى كەسپىي ئەخلاقىنىڭ ئۆزگەرمەس ئەقىدىسى بولۇپ، ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ئىدىيەۋى ئەخلاق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئادىمىيلىككە تەۋە مەسىلە، بۇنىڭ يادروسى ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، دۇنيا قارىشى ۋە مېتودولوگىيە مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملار ماركسىزملىق مەيدان، كۆز قاراش ۋە ئۇسۇل بويىچە دۇنيانى تونۇپ، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم ئېتىقادى ۋە ئىشەنچىسىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىغا ھەم پۇقرالار ئەخلاقىغا ئەمەل قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندىلا، ئاندىن ئارخىپ باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالايدۇ. لاياقەتلىك ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمەتچىسى بولۇشنىڭ ئۆلچىمى نوقۇل ھالدا جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە يۈكسەك تەشكىللىي ئىنتىزامچانلىق قارىشىغا ئىگە بولۇش بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ مەسىلىلەرنى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشقا، ئانالىز قىلىشقا ۋە ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇش، ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، قىيىنچىلىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان روھنى ئاكتىپ يېتىشتۈرۈپ، بىلىمنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، كەسىپ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

**مۇھەررىر: ئاسىيە ھىمىت**

# بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى ھەققىدە ساۋات

نۇر تۇرسۇن
(شىنجاڭ كۆمۈر سانائىتى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

**بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى**

بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى دېگەن قۇياش رادىياتسىيەسى يەر يۈزىگە چۈشكەندىن كېيىن بىر قىسمى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىگە ئايلىنىدۇ، يەنە بىر قىسمى ئۆسۈملۈكلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ يەر شارى ھاۋاسىدا ساقلىنىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكلەر ۋە يەر شارىدىكى بىيو ماسسىلارنى قوبۇل قىلىپ ساقلىغان قۇياش ئىسسىقلىقى بىيو ماسسىدا فوتوسىنتېزلىنىش ئارقىلىق قۇياش ئىسسىقلىقى بىيو ماسسىسىدا يىغىلىپ ساقلىنىدۇ. مانا بۇ بىيو ماسسىسىدا يىغىلىپ، ساقلانغان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىيو ماسسىنى تەشكىل قىلىدىغان ماتېرىيال تۈرلىرى خېلى كۆپ، مەسىلەن، ئۆسۈملۈك تۈردىكىلەر، ياغاچ ماتېرىياللىرى، بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ، كېۋەز قاتارلىقلارنىڭ پاخاللىرى ۋە شاخلىرى، جانلىقلارنىڭ گەندىلىرى ۋە سۆڭەكلىرى، كېرەكسىز سۇ، ئەخلەتلەرنىڭ ئورگانىك تەركىبى قاتارلىقلار بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىنى ھاسىل قىلىدىغان بىيو ماسسا ماتېرىيال تۈرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھاياتلىق مەۋجۇت جايدا بىيو ماسسا ماتېرىيال تۈرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىيو ماسسا ماتېرىياللىرى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ماسسا ئېنېرگىيەسىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ، ئېچكى قۇرۇلما جەھەتتە كۆمۈر، نېفىتكە ئوخشاپ كېتىدىغان يېقىلغۇ ئېنېرگىيەسى بولۇپ، بۇ، بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىنى ئىلغار تېخنىكا ئارقىلىق توكقا، يېقىلغۇ مايغا، يېقىلغۇ گازغا، يېقىلغۇ قاتتىق جىسىمغا ئايلاندۇرۇپ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىشلەتكىلى، پايدىلانغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى ئادەتتە داۋاملىق ئىشلىتىۋاتقان ئېنېرگىيەلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولىدىغان ھاسىلي ئېنېرگىيەدۇر.

بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى، سانائەتنىڭ تاشلاندۇق بايلىقلىرى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق



uyghurkitap.com



تاشلاندۇق بايلىقلىرى، شەھەر - بازارلارنىڭ تاشلاندۇق بايلىقلىرى قاتارلىقلارنى ئاساسلىق خام ئەشيا قىلىدىغان تەكرار ئېنېرگىيە بولغانلىقى ئۈچۈن بىيو ماسسا ئېنېرگىيە ماتېرىيالىنىڭ يەر شارى مىقياسىدا زاپاس مىقدارى ناھايىتى كۆپ. شۇڭلاشقا بۇ، بىيو ماسسىدا ساقلانغان زاپاس ئېنېرگىيە مىقدارىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرىگە ئاساسلانغاندا، ھەر يىلى ھاسىل بولىدىغان بىيو ماسسا ئېنېرگىيە ئومۇمىي مىقدارى 140 مىلياردتىن 180 مىليارد توننا بولۇپ، نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيا بويىچە سەرپ بولۇۋاتقان ئېنېرگىيەنىڭ 10 ھەسسىسىدىن كۆپ. دۆلىتىمىزدىمۇ، بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىمۇ غايەت مول بولۇپ، ھەر يىلى يېزىلاردىكى شاخ - شۇمبىلاردىن ھاسىل بولغان بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى 650 مىليوندىن 726 مىليون توننىغا قەدەر بولۇپ، بۇ، 500 مىليون ئۆلچەملىك كۆمۈرگە باراۋەر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئورمانچىلىق ساھەسىدىمۇ تاشلاندۇق ئەشيالاردىن ھاسىل بولغان بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى 37 مىليون توننىدىن ئاشىدىغان بولۇپ، 20 مىليون توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرگە باراۋەر.

ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ، بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى بايلىقى مول بولۇپ، بۇنىڭدىن شال - پاخال، چۆپ ماسسا ئېنېرگىيەسى 634 مىليون 290 مىڭ توننا بولۇپ، بۇنىڭ %47 ى يېقىلغۇ قىلىپ كۆيدۈرۈلۈپ تۈگىتىلىدۇ، %50 ى ھايۋاناتلارنىڭ يەم - خەشەكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. جانلىقلارنىڭ گەندە ماسسا ئېنېرگىيەسى 990 مىليون 370 مىڭ تونننا بولۇپ، بۇنىڭ %17.3 ى يېقىلغۇ قىلىپ كۆيدۈرۈلۈپ تۈگىتىلىدۇ، %82.7 ى تۇپراقلارغا ئوغۇت قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىنىڭ يەر شارىدىكى زاپاس مىقدارى پۈتمەس - تۈگىمەس، تەكرار ئېنېرگىيەسى بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ يەنە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بار.

(1) بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىنىڭ يېقىلغۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ. مەسىلەن، سۇيۇق ھالەتتىكى، گاز ھالەتتىكى، قاتتىق ھالەتتىكى ئېتىل ئالكوھول، دېزىل مېيى، پاتقاق گازى، يېقىلغۇ ئەشيالىرى قاتارلىق كۆپ تۈردىكى بىيو ماسسا ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرى بار.

(2) بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىنىڭ خام ئەشياسى كۆپ. مەسىلەن، ياغاچ، شاخ - شۇمبا، پاخال، جانلىقلارنىڭ گەندىلىرى ۋە سۆڭەكلىرى، سانائەت، شەھەر - بازار، يېزا - قىشلاق تاشلاندۇق ئەخلەت بايلىقلىرى، ئۆسۈملۈك تاشلاندۇق شاخلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ خام ئەشيالىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(3) بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىنىڭ پايدىلىنىش دائىرىسى كەڭ. بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى كۆمۈر، نېفىت ئېنېرگىيەسىگە ئوخشاش خىمىيە سانائىتىنىڭ خام ئەشياسى بولۇپ، سۇلياۋ ئىشلەش، رەسىم تارتىش لېنتىلىرىنى ئىشلەش، زەھەر تازىلاش، چېرىشتىن ساقلىنىش، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى كەڭ ئىشلىتىلمەكتە. ئېتىل ئالكوھول بولسا ماشىنىلارنىڭ يېشىل يېقىلغۇ ئەشياسىدۇر. ئۇ، يەنە ئېلېكتىر باتارېيەسى ياساشنىڭ ماتېرىيالى بولۇپ كەلمەكتە. بىيو ماسسىدىن يەنە ھىدروگېن، ئامميياك، ئورېيا قاتارلىق ماتېرىياللىرىنىمۇ ئايرىپ ئالغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا توك ھاسىل قىلغىلىمۇ بولىدۇ. بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىنىڭ بۇنداق پايدىلىنىش دائىرىسى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى ھەممە ئېنېرگىيەلەردە بولۇۋەرمەيدۇ.

(4) بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىنىڭ دەۋرلىنىش، ھالقىسىمان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بار. بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى يېزا - شەھەرلەردىكى ئورگانىك ماددىلارنى زەھەرسىزلەندۈرۈش خىمىيەۋى رې-

ئاكسىيە ئارقىلىق ئېچىتىپ ھاسىل قىلىنىدىغان ئېنېرگىيە بولۇپ، ھاياتلىقلا بار جايدا بۇنداق ئېنېرگىيە دەۋرىيلىك، ھالقىسىمان ھالدا ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ ھەم ئۈزۈلمەيدۇ. چۈنكى جانلىقلارنىڭ تاشلاندۇقلىرى بىيو ماسسىنىڭ كېلىش مەنبەسىدۇر.

**بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش**

بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىنىڭ يۇقىرىدىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بولۇشتىن باشقا، بۇ، ئېنېرگىيەنىڭ خام ئەشياسى مول، تەننەرخى تۆۋەن، ئىسسىقلىق گىرادۇسى يۇقىرى، ئېنېرگىيە تۈرلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھەر تۈرلىرىدىن پايدىلىنىش، ئىشلىتىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە.

(1) ئېتىل ئالكوھولدىن پايدىلىنىش. ئېتىل ئالكوھول بىخەتەرلىكى ياخشى بولغان، كۆيگەندە ھاۋا بۇلغىمايدىغان ئېنېرگىيە بولۇپ، يېزىلاردىكى بىيو ماسسىلارنى ئېچىتىش تېخنىكىسى ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان ئېتىل ئالكوھول سۇيۇقلۇق ئېنېرگىيەسىدۇر. بۇ، يېقىندىن راۋاجلىنىۋاتقان ئېنېرگىيە بولۇپ، سۇيۇقلۇق ئېتىل ئالكوھولنى بېنزىنغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش، بۇلغىنىشنى ئازايتىش قاتارلىق جەھەتلەردە پايدىلانغىلى بولىدۇ.

(2) دىزېل مېيىدىن پايدىلىنىش. دىزېل مېيى بولسا بىيو ماسسا ۋە ھايۋاناتلار مېيى، ئاشخانىلاردىكى تاشلاندۇق مايلارنى خام ئەشيا قىلغان يېقىلغۇ سۇيۇقلۇقى بولۇپ، بۇ، گېنېراتورلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان، بېنزىننىڭ ئورنىغا ئىشلىتىپ پايدىلانغىلى بولىدىغان تۆۋەن گىرادۇسلۇق، بىخەتەرلىكى ياخشى، پاكىز، بۇلغىمىسى يوق، تەكرار ئېنېرگىيەدۇر.

(3) بىيو ماسسا پاتقاق گازىدىن پايدىلىنىش. بىيو ماسسا پاتقاق گازى شەھەر تۇرمۇشىدىكى ئەخلەتلەر، يېزىلاردىكى تاشلاندۇق بىيو ماسسا،



لاتقىلارنى ئېچىتىش ئارقىلىق ئايرىپ ئېلىنغان يېقىلغۇ گازى بولۇپ، ئاساسلىق تەركىبى مېتان، كاربون (Ⅳ) ئوكسىدىدىن ئىبارەت. بۇنى، يېقىلغۇ، ئىسسىتىش، توك ھاسىل قىلىشلاردا ئىشلىتىپ پايدىلانغىلى بولىدۇ.

(4) بۇتىل ئالكوھولدىن پايدىلىنىش. بۇ، بىيو ماسسىلارنى خام ئەشيا قىلىپ ئېتىل ئالكوھولغا ئوخشاش ئېچىتىش تېخنىكىسى ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان بۇتىل ئالكوھول سۇيۇقلۇق ئېنېرگىيەسىدۇر. بۇ، بېسىمى تۆۋەن، سۇ، بېنزىن بىلەن بىرلىشىشى تېز بولغان، سۈپىتى ياخشى تەكرار ئېنېرگىيە بولغانلىقى ئۈچۈن پايدىلىنىش دائىرىسى كەڭرى، ئېسىل سۇيۇقلۇقتۇر.

(5) بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلىش. بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلىش بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇ، يېزا، چارۋا مەيدانلىرىدىكى تاشلاندۇقلارنى بىۋاسىتە كۆيدۈرۈپ بۇنىڭ ئىسسىقلىقى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش، يېزىلاردىكى بىيو ماسسىلارنى ئېچىتىپ گازغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش، پاتقاق گازى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىشلارنى ئۆز ئى-

www.uyghurkitap.com



چىگە ئالدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش يوللىرى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىنماقتا. مەسىلەن، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر 20% دىزېل مېيىغا 80% نېفىتنى ئارىلاشتۇرۇپ ھەر ساھەدە پايدىلىنىشقا باشلىغان، دانىيە 130 ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇپ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا شاخ - شۇمبا بىيو ماسسا يېقىلغۇ ئىسسىقلىقى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلغان. بىرازىلىيە بىلەن كۇبا شېكەر قومۇشى كۆپ چىقىدىغان دۆلەتلەر بولغاچقا، شېكەر قومۇشى تىرىپى بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىشنى ئويلاشقان.

**بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىستىقبالى**

بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى سانائەتنىڭ تاشلاندۇق بايلىقلىرىنى، يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق تاشلاندۇق بايلىقلىرىنى، شەھەر - بازار ئەخلەتلىرىنى خام ئەشيا قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ خام ئەشيا زاپىسى ناھايىتى مول، تەننەرخى ئەرزان، ئىسسىقلىق گىرادۇسى يۇقىرى، ئېنېرگىيە تۈرلىرى كۆپ، ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىش تېخنىكا تەلىپى زىيادە مۇرەككەپ بولماسلىقتەك ئەۋزەللىكلىرى بولغانلىقتىن، خەلقئارادا ۋە مەملىكىتىمىزدە بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زور ئەھمىيەت بېرىپ، مالىيە كۈچى، ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتلەردە كۆڭۈل بۆلمەكتە. خەلقئارادا نۇرغۇن دۆلەتلەر بىيو ماسسىسى تالا ماددىسىغا باشقا ئىسسىقلىققا چىداملىق ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرۈپ ھەرىكەتچان باتارېيەنىڭ ئىزولياتسىيە پەردىسىنى ياساپ ھالقىلىق تېخنىكا مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، تۆۋەن تەننەرخلىق، يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك ھەرىكەتچان باتارېيە ئىزولياتسىيە مەھسۇلاتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، بۇ ساھەدە يېڭى تېخنىكا سىستېمىسى ئورناتتى.

ئامېرىكا دىزېل يېقىلغۇ مېيىنىڭ مەھسۇلاتىنى 500 توننىدىن 60 مىڭ توننىغا ئۆستۈرۈپ، پاراخوتلارغا يېقىلغۇ قىلىپ ئىشلىتىشكە باشلىغان. يېقىنقى خەۋەرگە قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ كورېيەگە كەلگەن ئاۋىياتسىيە پاراخوتى مۇشۇ يېقىلغۇ مايىنى ئىشلەتكەنلىكتىن خېلى كۆپ يېقىلغۇ ۋە ئىقتىساد تېجىلىپ قالغان.

دۆلىتىمىزمۇ بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى ئىشلىتىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىنى ئېچىش، ئىشلىتىش، تېخنىكىلىق مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. 2005 - يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 - يىغىنىدا «تەكرار ئېنېرگىيە قانۇنىنى» ماقۇللىدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەكرار ئېنېرگىيە بولغان بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىنىڭ مۇھىم ئورنىنى بېكىتىپ سىياسىي جەھەتتە قوللىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. مەسىلەن، بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىللىق ئۆسۈشى 2013 - يىلدىن 2015 - يىلغا قەدەر 15% بولسا 2015 - يىلغا يەتكەندە بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىللىق قىممىتى 150 مىلياردقا يەتكەن. 2050 - يىلغا بارغاندا بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسىنىڭ مىقدارى 14% تىن ئېشىپ كېتىشى مۆلچەرلەنگەن.

دېمەك، بىيو ماسسا ئېنېرگىيەسى خام ئەشيا ماتېرىيال بايلىقى مول، تەننەرخى ئەرزان، مەشغۇلات جەريانى ئاددىي، ئېنېرگىيە تۈرلىرى كۆپ، يېشىل، پاكىز، بۇلغىنىشتىن خالىي قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئېنېرگىيە بولغانلىقتىن، كەلگۈسىدە ئېنېرگىيەلەر ساھەسىدە گىگانت ئېنېرگىيە بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر.

**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**

# نەشرىياتچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئەنۋەر تاشتۆمۈر
(ش ئۇ ئا ر كۇتۇپخانا «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى)

نەشرىياتچىلىق — ئالاھىدە مەدەنىيەت كەسپى
بولۇپ، بىر جەمئىيەتنىڭ تارقاق بىلىم - ئۇچۇر
بايلىقلىرىنى تۈرلۈك شەكىلدىكى تارقاتقۇچى سۈ-
پىتىدە نەشر قىلىش ئىش تەرتىپلىرىنى ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ. نەشرىي بۇيۇم — تارقاق ياكى مەۋ-
ھۇم ھالەتتىكى ئىجتىمائىي بىلىم - ئۇچۇر باي-
لىقلىرىنى ئاساسلىق تارقاتقۇچى بولۇپ، ئىجتىما-
ئىي ئوقۇش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىجتىمائىي مەدە-
نىيەت تەرەققىياتىغا دەۋرىيلىك تۈردە كۈچلۈك تە-
سىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، نەشرىياتچىلىقنى ۋە ئۇ-
نىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت سىستېمىسىدا تۇتىدى-
غان ھەقىقىي ئورنىنى تونۇش نەشرىياتچىلىق ئىش-
لىرىنىڭ ئۆزلۈك تەرەققىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى يە-
نە ئۇنىڭغا باغلانغان كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىم
دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى
كۈچەيتىش جەھەتلەردىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.
نەشرىياتلارنىڭ نەشر ئىش تەرتىپى ۋە تېماتىك
پىلانىدا، بىلىم - ئۇچۇرنىڭ مەزمۇنى ۋە تارقىتىش
ۋاستىسىدا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇش شەكلى ۋە
بوشلۇقىدا يۈز بەرگەن زامانىۋى ئۆزگىرىشلەر بۇ
نۇقتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سەممىزگە
سالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، نەشرىياتشۇناسلىقنىڭ
نەزەرىيە ئاساسى، تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان نەش-
رىياتچىلىقنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى مەسىلىسى
ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارمۇ بۇ تېما بىلەن بىۋاستە
باغلىنىپ، بىزنى بۇ ھەقتە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر
يۈرگۈزۈشكە دالالەت قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بىز تۆ-
ۋەندە نەشرىياتچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى توغ-
رىسىدا مەخسۇس توختىلىپ، بۇ ھەقتىكى دەسلەپ-
كى مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

نەشرىياتچىلىق — تېخنىكا بىلەن ئەقلىي
كۈچنىڭ بىرلىكىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىجتىمائىي
مەدەنىيەت كەسپىي بولۇپ، كەڭ مەنىدە بىلىم -
ئۇچۇرنىڭ ھەرقانداق بىر شەكىلدىكى تارقاتقۇچى
ۋاستىسىنى نەشر قىلىش ئىش تەرتىپلىرىنى، يە-
نى كىتاب، گېزىت، ژۇرنال، ئۈن - سىن بۇيۇملى-
رى ۋە ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر
قىلىش ئىش تەرتىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
شۇڭا، ئۇ نەشرىي بۇيۇمنى بىرلىك قىلغان نەشرى-
يات گەۋدىلىرىگە ئاساسەن كىتاب نەشرىياتچىلى-
قى، گېزىت نەشرىياتچىلىقى، ژۇرنال نەشرىياتچى-
لىقى، ئۈن - سىن نەشرىياتچىلىقى ۋە ئېلېكتى-
رونلۇق نەشرىياتچىلىق تۈرلىرىگە بۆلۈنىدۇ؛ شۇن-
داقلا ئوخشاش كەسپ ئالاھىدىلىكىنى بىرلىك
قىلغان ھالدا بىر پۈتۈن مەنىگە ئىگە نەشرىياتچى-
لىق سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. تار مەنىدە
پەقەت كىتاب نەشر قىلىش ئىش تەرتىپلىرىنى ئا-
ساس قىلغان كەسپىي نەشرىياتچىلىقنى ئۆز ئىچى-
گە ئالىدىغان بولۇپ، باشقا تۈردىكى قوشۇمچە ياكى
يانداش نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىدىن نىسپىي پەرق-
لىنىدۇ. تار مەنىدىكى نەشرىياتچىلىق نەشرىياتچى-
لىقنىڭ ئەسلىي مەنىسى بىلەن بىردەك بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com



كىتابنى بەلگە قىلغان هالدا ئەنئەنىۋى نەشرىياتچىلىقنىڭ شەكلى ۋە ئاساسىي گەۋدىسى بىلەن ئۆزئارا مۇستەهكەم باغلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، نەشرىياتچىلىق ئۇقۇمى ئادەتتە كىتاب نەشرىياتچىلىقى كەسپىنى ئىپادە قىلىپ، مۇستەقىل كەسپىي خاراكتېرگە ئىگە، مەخسۇسلاشقان كەسپىي نەشرىيات گەۋدىلىرىنىڭ خاس كەسپىي ئىش تەرتىپلىرىدە كونكرېت يېشىلىدۇ. بىز تۆۋەندە تىلغا ئالماقچى بولغان نەشرىياتچىلىقمۇ مۇشۇ خىل تار مەنىدىكى، يەنى كىتابنى ئاساسلىق بەلگە قىلغان كەسپىي نەشرىياتچىلىققا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا تۇتىدىغان ئالاھىدە ئورنىنى كىتابنىڭ رولى بىلەن ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن هالدا بىر - بىرلەپ ئايان قىلىشى مۇمكىن.

نەشرىياتچىلىق — تارىخىي جەھەتتىن نىسبەتەن كېيىن بارلىققا كەلگىنىگە قارىماي ناهايىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، مەدەنىيەت كەسپلىرى ئىچىدە باشلامچى ئورۇنغا ئۆتتى. بۇنداق بولۇشىدا نەشرىياتچىلىقنىڭ ئۆزىنىڭ قىممىتىدىن باشقا، يەنە ئۇ تەۋە سىستېمىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئاساسلىق رول ئوينىغان. نەشرىياتچىلىق — ئاخبارات - نەشرىيات سىستېمىسىغا مەنسۇپ كەسپ تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە - مەدەنىيىتىنى مۇئەييەن ئىجتىمائىي غايىگە يېتەكلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولغاچقا، مۇقەررەر هالدا مەدەنىيەت خاراكتېرىدىن باشقا، يەنە سىياسىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، سىياسىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ خىل خاراكتېر ۋە ئۇ شەرت قىلغان سىياسىي ۋەزىپە نەشرىياتچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت كەسپلىرى ئىچىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى بەلگىلىگەن. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، نەشرىياتچىلىقنىڭ ئاساسىي مەھسۇلاتى بولغان نەشرىي كىتابلار تارقاق هالەتتىكى ئىجتىمائىي بىلىم - ئۇچۇر بايلىقلىرىنىڭ ئەسلى هالىتىدىن نىسبىي پەرقلىنىدىغان، مۇئەييەن ئۆلچەم ۋە پرىنسىپ ئاساسىدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نەشر شەكلى بولغاچقا، تارقىتىش، ساقلاش ۋە ئوقۇش جەھەتتە مۇتلەق قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى مەنىۋى ئېنېرگىيە مەنبەلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مۇنداق مەنىۋى ئېنېرگىيە بىر جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى هاياتلىق جان تومۇرىنى تەشكىل قىلغان هالدا ئۇنىڭ سىياسىي ئېڭى بىلەن مەدەنىيەت تەرەققىيات يۆلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ. نەشرىي كىتابلارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدە قىممىتى ئۇنى ئىشلەپچىقىرىدىغان نەشرىياتچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت كەسپلىرى ئىچىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى بەلگىلىگەن.

نەشرىياتچىلىق — كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ باش بېكىتى بولۇپ، بىر جەمئىيەتنىڭ كىتاب مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ زامانىۋى شەكلىنى يارىتىشتا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ قىسىم مەزمۇنلىرى، يەنى كىتابنىڭ پىلاندىن نەشرى ۋە تارقىلىشىغىچە بولغان ئارىدا ئىپادىلىنىدىغان مەدەنىيەت هادىسىلىرى نەشرىياتلار تەرىپىدىن ئورۇندىلىپ، كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنۇم ۋە قىممەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ بۇ خىل بىرلەمچى مەزمۇنى ئۇنىڭ ئىككىلەمچى مەزمۇنى سۈپىتىدىكى تارقىلىش ۋە ئوقۇش داۋامىدا ئىپادىلىنىدىغان ئۇنۇم ۋە قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ. نەشرىياتچىلىق كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق جەريانىغا كاپالەتلىك قىلالمىسىمۇ، ئەمما كىتاب مەدەنىيىتى باشتىن - ئاخىر نەشرىياتچىلىق تەمىنلەيدىغان كىتاب ۋە ئۇ ئۆزىدە هازىرلىغان بىرلەمچى ئۇنۇم بىلەن قىممەتكە بېقىنىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل ئۇنۇم ۋە قىممەت مۇقەررەر هالدا ئىككىلەمچى ئۇنۇم ۋە قىممەتنى بەلگىلەيدۇ، شۇڭا نەشرىياتچىلىقنى يەنىلا بىر دەۋر كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ جان تومۇرى هەم يېتەكچى كۈچى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

نەشرىياتچىلىق — نەشرىياتنى تايانچ گەۋدە، تېخنىكىنى ۋاستە، پىلانىي جەريان، جەمئىيەتنى ئوبيېكت، كىتابنى نەتىجە قىلغان مەدەنىيەت كەسپى بولۇپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت سىستېمىسىدا

باشلامچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىل ئورۇن نەشرىياتچىلىق كەسپى تايىنىدىغان نەشرىيات گەۋدىلىرىنىڭ بىر جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ئېنېرگىيەسىنى ئىشلەپچىقىرىش، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئىككىلەمچى مەدەنىيەت كەسىپلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا:

بىرىنچى، نەشرىياتچىلىق — بىر يۈرۈش مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، ئىدىيەۋى قۇرۇلمىسى ۋە كونكرېت ئىش تەرتىپلىرىگە سىڭدۈرگەن ئالاھىدە مەدەنىيەت كەسپى بولۇپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. نەشرىياتچىلىقنىڭ ئۆزىدىكى مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكى ئاساسلىقى نەشرىياتلارنىڭ سانى، سۈپىتى، كۆلىمى ۋە شەرت - شارائىتىدا، نەشرىياتچىلارنىڭ ئاڭ - ئىدىيە ساپاسى ۋە تېخنىكىلىق مەشغۇلات ئىقتىدار قۇرۇلمىسىدا، نەشر پىلانىنىڭ ئەمەلىي ۋە ئەقلىي لايىھەسىدە، نەشرىي كىتابلىرىنىڭ سان - سۈپىتى، تەسىر كۈچى، تارقىلىش كۆلىمى، ئوقۇش ئۈنۈمى ۋە جۇغلىنىش نىسبىتى قاتارلىق تەرەپلەردە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئىپادىلەردىن نەشرىياتچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، تەرەققىيات دەرىجىسىنى كۆرگىلى ۋە ئۇنىڭغا ئەقلىي باھا بەرگىلى بولىدۇ. نەشرىياتچىلىقنىڭ ئىچكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسى بىرلەمچى ئورۇندا تۇرۇپ، تاشقى مەدەنىيەتنىڭ، يەنى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ دەرىجىسى ۋە تەرەققىيات سەۋىيەسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ كىتاب ئارقىلىق كۆرسىتىدىغان ئوچۇق ۋە ۋاسىتىلىق تەسىردىن باشقا، يەنە نەشرىياتچىلىقنىڭ مەدەنىيەتكە مەسئۇل بولۇش ئېڭى، ئاپتورلارنى قەدىرلەش ئېڭى، تېماتىك پىلان بىلەن ئىجتىمائىي مىللىي ئېھتىياجنى ئەقلىي بىرلەشتۈرۈش ئىقتىدارى، نەشرىي كىتابلارنىڭ سۈپىتىگە ئالاقىدار ئىسلاھات روھى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىنى بىۋاسىتە ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، نەشرىياتچىلىقنىڭ ئىچكى مەدەنىيەت تەرەققىياتى تاشقى مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن بىرگە، بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. نەشرىياتچىلىق كەسپى تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتتە ئەقلىي ئادەملىكنىڭ شەرت - شارائىتى ھازىرلانغان بولغاچقا، ئادەمنىڭ رولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان ئەقلىي جەمئىيەت قۇرۇلۇشىمۇ مۇمكىنلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ. نەشرىياتچىلىق گەرچە بىر جەمئىيەتنى بىۋاسىتە يېتەكلەش ياكى ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇستەقىل لايىھەلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىدە ۋە نەشرىي كىتابلىرىدا ھازىرلىغان مەدەنىيەت قىممىتى ئارقىلىق شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئادەملەرنىڭ ئىدىيەسىنى مەۋھۇم بىر ھالدا كونترول قىلىدۇ. بىز بۇ خىل يېتەكچىلىك بىلەن كونتروللۇقنى نەشرىي كىتابلارغا باغلانغان ئىجتىمائىي مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ دەرىجىسى ۋە ئاساسىي يۆنىلىشىدىن ئوچۇق كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

ئىككىنچى، نەشرىياتچىلىقنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرى سىياسىي مەدەنىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ سىياسىي خاراكتېرىنى ئىپادە قىلىدۇ. بۇ خىل خاراكتېر سىياسىي ئۆلچەم بەكرەك تەكىتلىنىدىغان جەمئىيەتتە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ، نەشرىي كىتابلارنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ياكى سىياسىي بىلەن بىردەك مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، نەشرىياتچىلىق بىر جەمئىيەتنىڭ سىياسىي تەشۋىقات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مۇقامىغا ياندىشىدىغان بولغاچقا، يەنە سىياسىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى باشلامچى كەسپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدا بىز نەشرىياتچىلىقنىڭ بىر جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدا تۇتقان مۇھىم ئورنىنى، يەنى سىياسىي تەشۋىقاتچىلىق رولى ئارقىلىق ئىجتىمائىي سىياسىي ئاڭنى يېتىشتۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

www.uyghurkitap.com



نەشرىياتلار سىياسىي ئېھتىياج ۋە سىياسىي زۆرۈرىيەتكە ئاساسەن ئۈزلۈكسىز نەشر قىلىپ تۇرىدىغان سىياسىي - قانۇن، ھۆكۈمەت يىغىن - قۇرۇلتاي دوكلاتلىرى، سىياسىي ئىدىيە نەزەرىيەلىرىگە ئائىت كىتابلار، قاراتمىلىقتا ۋە يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە مەخسۇس كىتابلار، ئېنىق سىياسىي مەۋقەدىكى ئۇنىۋېرسال كىتابلار، ھۆكۈمەت ئاقتاشلىق كىتابلىرى قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالىدۇر.

ئۈچىنچى، نەشرىياتچىلىقنىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ زامانىۋى تەرەققىياتى كىتابنىڭ سان - سۈپىتى ۋە مەدەنىيەت قىممىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، ئەنئەنىۋى مائارىپنىڭ زامانىۋى مائارىپقا ئۆتۈشىدە، ئىزچىللىققا ئىگە مۇنتىزىم كۆلەم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، مائارىپ باشتىن - ئاخىر نەشرىياتچىلىققا باغلىنىپ، ئۇنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئۈستىدە مەۋجۇت بولۇپ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرغاچقا، كىتابىي بىلىم ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى مائارىپنى، ئۇنىڭ كۆلىمى، دەرىجىسى ۋە ئۈنۈمىنى دەرسلىك سۈپىتىدىكى كىتابسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەنئەنىۋى مىللىي مائارىپنىڭ كىتاب بىلەن بولغان بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى تارىختىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس، كىتاب ھەر قانداق بىر شەكىلدىكى تەلىم - تەربىيەنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسلىق تايىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ، شۇنداقلا يەنە ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدىكى پىر - كالان، شەيخ - ئۆلىما ۋە ئۇستاز - مۇئەللىملەرنىڭ مەنىۋى يېتىلىشىدە باشتىن - ئاخىر يېتەكچى رول ئوينىغان. مائارىپنىڭ كىتابىي تەلىم - تەربىيە، تەجرىبە ۋە پەن - تەتقىقاتقا تايىنىدىغان كەسپىي ئەمەلىيىتى ھەرقاچان نەشرىياتچىلىقنىڭ كىتابتىن ئىبارەت نەشرىي بۇيۇملىرىدىن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى ۋە يېتەكچى كۈچىدىن ئايرىلالمايدۇ. كىتاب — مائارىپ سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك تەلىم - تەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق قورالى بولۇپ، سان، سۈپەت ۋە ئېھتىياج جەھەتتىن مائارىپنى نەشرىياتچىلىقنىڭ ئەقلىي پىلان ئاساسىدىكى ئىلمىي تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە باغلاپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا يەنە نەشرىياتچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت كەسىپلىرى تەرەققىياتىدىكى باشلامچى ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۆتىنچى، نەشرىياتچىلىقنىڭ مەيدانىغا كېلىشى كىتابنىڭ تاۋارلىق قىممىتىگە بەلگە بېرىپ، ئۇنىڭ تارقىلىش بوشلۇقى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. بۇنىڭ بىلەن، كىتابنى تىجارەت ۋاستىسى قىلغان كىتابچىلىق كەسپىي مەيدانغا كېلىپ، ئىدىيە مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن بولغان ئارىلىقى تېخىمۇ يېقىنلاشتى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەكشى تەرەققىياتى ۋاستىلىق كاپالەتكە ئىگە بولدى. نەشرىياتچىلىقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى بولغان خەتتاتلىق، شىرازچىلىق، مىرزا - كاتىپلىق ھۈنەر - سەنئەتلىرى كىتابنى نۇسخىلاپ كۆپەيتىش ئارقىلىق كىتابپۇرۇشلۇق كەسپىي تىجارەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ھەمدە بۈگۈنكى زامان مەنىسىدىكى كىتابخانىلارنىڭ مۇستەقىل بىر كەسپىي سىستېما بولۇپ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان بولغاچقا، نەشرىياتچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىككىلەمچى مەدەنىيەت كەسىپلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە، شۇنداقلا كىتاب مەدەنىيىتىنىڭ مىللىي تىپى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىدە يېتەكچى ئورۇندا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بۇ خىل تەرەققىيات ۋە ئۇنىڭ ھاسىلىي نەتىجىلىرىنى نەشرىي كىتابلارنىڭ سان - سۈپىتىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە يېڭىچە زامانىۋى شەكلىدىن، كىتابچىلىقنىڭ دۆلەت ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى تۈرلۈك كىتابخانا شەكىللىرىدىن، تور شارائىتىدىكى ئېلېكترونلۇق مەۋھۇم كىتابخانا شەكىللىرىدىنمۇ كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى كۆتۈپخانىچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە زۆرۈر كاپالىتى. كۆتۈپخانىنى كىتابسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك، كۆتۈپخانىچىلىقنىمۇ نەشرىيات-

چىلىقسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. كىتاب — كۈتۈپخانىنى تۈزگۈچى ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى، كۆلەملىشىشى ۋە مۇلازىمەت ئۈنۈمىدە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. كىتابنىڭ تەدرىجىي جۇغلىنىش ۋە تەكرار ئوقۇلۇش ئېھتىياجى داۋامىدا شەكىللەنگەن كۈتۈپخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى گەرچە كۈتۈپخانىچىلىقتا خاس مەدەنىيەت ئىدىيەسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ماددىي بايلىق سۈپىتىدە كۈتۈپخانىنى ۋە ئۇنىڭ مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىنى مەۋجۇتلۇق قىممىتىگە ئىگە قىلىپ بارىدىغان كىتابلارنى نەشرىياتچىلىقنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىپ قاراش مۇمكىنچىلىكى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۈتۈپخانا كىتاب ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس، ئۇ ھاسىلىي كىتابلارنىڭ، يەنى نەشرىي كىتابلارنىڭ جۇغلانما ھالىتىدە قەد كېرىپ ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئېلىپ بارىدىغان ئىككىلەمچى مەدەنىيەت كەسپىي بولۇپ، كىتاب مەدەنىيىتى زەنجىرىدە ھەرقاچان نەشرىياتچىلىققا باغلىنىپ تۇرىدۇ. نەشرىياتچىلىق باشلانغۇچ دەۋرىدىن تارتىپ بۈگۈنكى زامانىۋى دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا كىتاب ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگە قىلىپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەچكە، كۈتۈپخانىچىلىق نەشرىياتچىلىقنىڭ نەشرىي كىتابلىرى ئاساسىدا ئۆز تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات مۇناسىۋىتىدە نەشرىياتچىلىقنىڭ بىرلەمچى رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىش تەس ئەمەس. باشقىچە ئېيتقاندا، نەشرىياتچىلىقنىڭ تەرەققىياتى كۈتۈپخانىچىلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى زۆرۈر شەرت ـ شارائىت بىلەن تەمىنلەپ، نەشرىي بۇيۇم سۈپىتىدىكى كىتابلارنىڭ ساقلىنىشى، تارقىلىشى، ئوقۇلۇشى ۋە كەلگۈسىگە يەتكۈزۈلۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ھەربىر دەۋردىكى كۈتۈپخانىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى نەشرىياتچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە باغلىنىپ، نەشرىي كىتابلارنىڭ سان ـ سۈپىتى ۋە مەدەنىيەت قىممىتىگە ماس كۆلەم ھەم ئۈنۈم يارىتىدىغان بولغاچقا، نەشرىياتچىلىق كۈتۈپخانىچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت كەسىپلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا يېتەكچى رول ئوينايدۇ.

ئالتىنچى، كىتاب — بىر دەۋر ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى خاتىرىلەپ كەڭ تارقىتىشتىن باشقا، ئۇنى يەنە كەلگۈسىگە توشۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي بايلىقىغا ئايلاندۇرىدۇ. بىز كىتابنىڭ كىتابخانىلاردا سېتىلىشى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىلىشى، كۈتۈپخانىلاردا ساقلىنىشى ۋە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ تارقىتىلىشى جەريانىدىكى ئىجتىمائىي ئۈنۈمىدىن بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. كىتاب — ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، دەۋرلەر بويى كىشىلەرنىڭ ئەقلىي پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلدى. كىشىلەر كىتابتىكى مول بىلىم ـ ئۇچۇر بايلىقلىرى ئارقىلىق مەنىۋى قىياپەتلىرىنى تۈزەپ، مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ئاساسىنى سالدى، شۇنداقلا يەنە جەمئىيەت، تەبىئەت، روھىيەت ۋە ئىلاھىيەت مەسىلىلىرىدىكى سىر ـ تۈگۈنلەرنى يېشىپ، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. دېمەك، نەشرىياتچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئادەملەرنىڭ مەنىۋى زوقلىنىش، ئىلىم ـ بىلىم ئۆگىنىش ۋە مەنىۋى كامالەتكە يېتىش ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇپ، جەمئىيەتتە ئەقلىي ئادەم پەللىسى يارىتىشقا يول ئاچتى. كىتاب ۋە باشقا بىلىم ـ ئۇچۇرنى توشۇغۇچى ھۆججەتلەر بىر جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بايلىق مەنبەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ پەرقلىق تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، نەشرىياتچىلىقنى ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئاساسىي نەتىجىلىرى ۋە ئومۇمىي تەسىرى نۇقتىسىدىن بىر دەۋر مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يېتەكچى كەسىپ، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر ئېزىز**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كىتاب ئوقۇش ئۇمۇرنى ئۇزارتىدۇ



**1. چوڭ مېڭىنىڭ قېرىشىنى كېچىكتۈرىدۇ.**

چوڭ مېڭىمۇ بىر مۇسكۇلغا ئوخشاش بولۇپ، داۋاملىق چېنىقىپ تۇرغاندىلا، ئاندىن ساغلام، مۇكەممەل ھالەتتە تۇرىدۇ. تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، كىتاب ئوقۇش ئادەم مېڭىسىنى جانلىق ھەم ھەرىكەتچان قىلىپ، قېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن.

**2. بېسىمنى يېنىكلىتىدۇ.**

ئەنگلىيە كىتاب ئوقۇش كۇلۇبى سۇسسېكس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «پسىخىكا تەجرىبىخانىسى» غا ھاۋالە قىلغان تەتقىقاتتا، ھەرخىل بېسىمنى يېنىكلىتىش ئۇسۇللىرى ئىچىدە كىتاب ئوقۇش ئۇنۇمىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولىدىغانلىقى بايقالغان بولۇپ، ئالتە مىنۇت ئىچىدە بېسىمنى 68% ئەتراپىدا تۆۋەنلەتكىلى بولىدىكەن، بۇنىڭ ئۇنۇمى مۇزىكا ئاڭلاش ۋە سەيلە قىلىشتىنمۇ يۇقىرى بولىدىكەن.

پسىخولوگلار «ئادەم كىتاب ئوقۇغاندا، پۈتۈن دىققىتىنى خەتكە مەركەزلەشتۈرگەچكە، جىددىيلىشىش كەيپىياتى ناھايىتى تېزلا يوقايدۇ» دەپ قارايدىكەن.

**3. ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى يۇقىرىلايدۇ.**

ھەربىر كىتابتا ئۇچۇرلار، يەنى نۇرغۇن ئىشلار، ئادەم ئىسىملىرى قاتارلىقلار بولىدۇ. كىتاب ئوقۇغان ۋاقىتتا چوڭ مېڭە بۇ تەپسىلاتلارنى ناھايىتى ئوڭايلا خاتىرىلىۋالىدۇ ھەم ساقلىۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى يۇقىرىلايدۇ.

**4. تۇرمۇش ئادىتى ساغلاملىشىدۇ.**

ئامېرىكىنىڭ بىر تۈرلۈك تەتقىقاتىدا بايقىلىشىچە، كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ خىزمەت قىلىش ۋە ئارام ئېلىش ۋاقتى تولىمۇ جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن. ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى ساغلام بولىدىكەن. ئۇنداق كىشىلەر بىر تەرەپتىن كىتابتىن ساغلاملىق بىلىملىرىگە ئېرىشسە، يەنە بىر تەرەپتىن كىتاب ئوقۇش بىلەن ھاياتنى تېخىمۇ سۆيىدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان بولىدىكەن.

**5. دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىقتىدارى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىكەن.**

ھازىر ئۇچۇر تور دەۋرى بولغاچقا، ئادەم قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نەچچە تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، پوچتا يوللانمىسى تەكشۈرۈش، باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىش، تېلېفون قوبۇل قىلىش ... دېگەندەك بۇ خىل خىزمەت ئۇسۇللىرى ئادەمنىڭ دىققىتىنى يىغىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. لېكىن كىتاب ئوقۇپ بەرگەندە، ئادەمنىڭ بارلىق دىققەت - ئېتىبارى كىتابتا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئوي - پىكرىنى بىر يەرگە يىغالايدۇ ھەم ئىش بېجىرىش ئۇنۇمىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

**6. ئاغرىقنى پەسەيتىپ، خامۇشلۇق كېسىلىنى داۋالايدۇ.**

ئىتالىيەنىڭ تەتقىقاتىدا بايقىلىشىچە، كىتاب ئوقۇش راك كېسىلىنىڭ ئاغرىقى باسقۇچىدىكى

ئاغرىقنى پەسەيتىشكە ياردىمى بولىدىكەن ھەم ئاغرىقنى ئۇنتۇلدۇرىدىكەن. نۆۋەتتە، دوختۇرلار كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيە روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى خامۇشلۇق كېسىلىنى داۋالايدىغان يېڭى ئۇسۇلنى بايقىغان بولۇپ، يەنى خامۇشلۇق كېسەلىگە گىرىپتار بولغان بىمارنى كىتاب ئوقۇشقا ئۈندەش ئىكەن. مۇتەخەسسىسلەر كىتاب ئوقۇشنىڭ يېنىك ۋە ئوتتۇرا دەرىجىدىكى خامۇشلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلارغا ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقىنى بايقىغان.

**كىتابنى قانداق ئوقۇغاندا ھوزۇر ئالغىلى بولىدۇ؟**

تۇرمۇشتا ھېرىپ - چارچىغان ۋاقتىڭىزدا كىتاب ئوقۇشتىن ھوزۇر ئالماقچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ:

ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان كىتابنى خۇشاللىق بىلەن ئوقۇڭ، ئەگەر ئوقۇغان كىتابىڭىز بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە سىزنى قىزىقتۇرالمىسا ئۆزىڭىزنى ھەرگىز زورلىماڭ.

كىتابنى ئۆزىڭىزنىڭ خالىغىنىچە ئوقۇڭ يەنى، كەيپىياتىڭىز ياخشى بولمىغاندا، ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇڭ؛ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ئادەمنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلالايدىغان كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇڭ؛ كۆڭلىڭىز يېرىم بولغان ۋاقىتلاردا، يېزا ھاياتى تەسۋىرلەنگەن شېئىرلارنى ئوقۇڭ؛ ئامىتىڭىز كەلمىگەندە، نەزەر دائىرىڭىزنى ئاچىدىغان كىتابلارنى ئوقۇڭ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: رەيھانگۈل يۈسۈپ**
**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر ئېزىز**



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# «زەمزەم» قانداق سۇ

مامۇت قۇربان
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېنسىيونېرى)

يېقىندىن بېرى قاتناشنىڭ تەرەققىي قىلىشى، هۆكۈمەتنىڭ ئىشىك ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، كىشىلەر كۆنسېرى چەت ئەلنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلىرى بىلەن تونۇشتى ۋە تونۇشماقتا. كىشىلەرگە چۈشىنىكسىز، «سىرلىق» بولغان نەرسىلەرنىڭ سىرى بارا - بارا كىشىلەر تەرىپىدىن يېشىلىپ ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ سىرى ئاستا - ئاستا پاش بولۇۋاتىدۇ.

ئەزەلدىن چەت ئەلنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئەتىۋارلىق هېسابلايدىغان كىشىلەردىمۇ چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلۈۋاتقان مەھسۇلاتلارغا نىسبەتەن بەلگىلىك قاراش پەيدا بولدى.

بۇلتۇر روزا مەزگىلىدە بىرقىسىم سودىگەرلەر پۇل تېپىش مەقسىتىدە ھەرەم «زەمزەم» سۈيىنى ئۈرۈمچى بازارلىرىغا ئېلىپ كىرىپ بىر قۇتىسىنى 20 - 25 يۈەنگە ساتتى. بەزى يەرلەردە بۇ خىل سۇنىڭ بازىرى خېلى تېز بولسىمۇ، بەزى يەرلەردە كىشىلەر بۇ خىل سۇغا گۇمان بىلەن قارىدى. شۇ ئەسنادا بۇ سۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغىمۇ ئۇدا بىرنەچچە كۈن ئېلىپ كېلىندى. سۇ ساتقۇچىلارنىڭ دېيىشىچە: بەزى كىشىلەر زەمزەم سۈيىنى ئىچىشكە ئالغان بولسا، بەزىلەر تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سېتىۋالغان ئىكەن. چۈنكى ئۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالسا ساۋاب بولارمىش. سۇ ساتقۇچى ئۈنلۈك ئاۋازدا: «بۇ سۇ قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىدۇ، ئەرلەردىكى مەزى ياللۇغىنى قايتۇرىدۇ. يۈرەك كېسىلىنى داۋالايدۇ، كېكىردەك ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ، بەزىلەر بىر يىللىق ئىچىملىك سۈيىنى سېتىۋالدى» دەپ توۋلاپ ساتقىلى تۇرۇپتۇ. قۇتىغا چاپلىغان ماركىسىمۇ ئۆلچەمگە توشمايتتى. كېيىنكى كۈنى بۇ سۇنى يەنە ئېلىپ كېلىپ ئوخشاش مۇقامدا توۋلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «راست زەمزەم سۇمۇ؟» دەپ سورىدىم. راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سۇ تەركىبىگە نىسبەتەن نۇرغۇن ئىلمىي بولمىغان يالغان گەپلەرنى قىلدى. مېنى ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى.

«زەمزەم» دېگەن سۆز ئەسلىدە ئەرەب تىلى بولۇپ، ماتېرىياللاردا «ئەلشىر» (elxir) دەپ خاتىرىلەنگەن. خەنزۇچە «神水» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنى ياسىن سۈيى، دەممەدە سۈيى دەپمۇ ئاتىغان بولۇپ، «ئەۋلىيا - ئەنبىيالار سۈيى» دېگەن مەنىدە بولىدۇ. بۇ ئەسلىدە «مىنېرال سۇ» نىڭ ئۆزى شۇ. سۇنىڭ كېلىش مەنبەسى ئارافات تاغلىرىنىڭ ئاستىدىكى بۇلاق سۈيى بولغاچقا، ئۇ سۇدا ھېچقانداق لەيلىمىلەر يوق. ئۇزۇن قويۇپ قويغاندىمۇ چۆكمە بولمايدۇ، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، چايقىلىش سەۋەبىدىن ئۇنىڭدىكى

ئوكسىگېن مىقدارى كۆرۈنەرلىك ھالدا تۆۋەنلەيدۇ -
دە، بىز ماختىغۇدەك «زەمزەم» لىك رولىنى تۆۋەنلى-
تىدۇ. يەنى مىنېرال سۇلۇق قىممىتىنى يوقىتىدۇ.
ھەرەمدەك سۈيى قىس يەرلەردە بۇ سۇ ناھايىتى
داڭلىق بولغانلىقى ھەمدە ھەرەمدىكى سۇ ئاللاھىدە
يەردىن چىققانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنى زەمزەم دەپ
ماختىشىمىز. بۇ يەنىلا مىنېرال بۇلاق سۈيىدىن
ئىبارەت بولۇپ، ئىككى ئاتوم ھىدروگېن بىلەن
بىر ئاتوم ئوكسىگېندىن تەركىب تاپقان سۇ دەپ
قارىلىدۇ.

كىشىلەر ئىككى قېتىملىق ئالخىمىك دەۋرىنى
بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، تۆمۈر، مىسلارنى
ئالتۇنغا ئايلاندۇرالمىدى. پەقەت ئۇلارنى بويىيال-
دى. ئەمەلىيەتتىمۇ بىر مېتالنى يەنە بىر مېتالغا
ئۆزگەرتكىلى بولمايتتى. خۇددى كىشىلەر گۆھەر
تۇغىدىغان توخۇنى گۆھەر تۇغدۇرۇش ئارزۇسىدا
بولسىمۇ، ئەمما گۆھەر تۇغىدىغان توخۇمۇ يوق ئى-
دى. گۆھەر ئەرەب تىلىدا ئاسىم (Asem) دېيىلىدۇ.
كىشىلەر ئېرىشمەكچى بولغان تاش تەركىبىدە ئال-
تۇن، كۈمۈش مول بولغان رەڭلىك تاش ئىدى. بۇ
تاش تەبىئەتتە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. خۇددى كى-
شىلەر ئۆمۈر بەخش شەربىتىنى تاپالمىغاندەك
گۆھەرنىمۇ تاپالمىدى. ھەمدە زەمزەم سۇ بىلەن
ئۆمرىنى ئۇزارتالمىدى. تەركىبىدە مەڭگۇ چىرىماي-
دىغان ئالتۇن، كۈمۈش بولغان «ئاسىم» غا ئېرى-
شەلمىدى.

مىنېرال سۇلار ئۆز رايونىمىزدا بىرقەدەر كۆپ
بولۇپ قاناس، سايرام كۆللىرى، تېكەس، قاش دەر-
يالىرى ۋە مۇز داۋان ئاستىدىكى سۇپسۈزۈك بۇلاق
سۇلىرى، پىچان كۇكۇل (تاتلىق سۇ)، ئاقسۇ قارا-
تالدىكى كۇكۇل سۇلىرى، كەلپىن توقاينىڭ شەر-
قىي جەنۇب تەرىپىدىكى كۇكۇل سۇلىرى، كۆنچى
دەريا سۈيى، قاراقاش دەريالىرى مىنېرال سۇلار بو-
لۇپ، بۇ سۇلار پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى سۇغىرىپ
كەلگەن پاك - پاكىز سۇلاردىن ئىبارەت. تورپان
كارىز سۈيى دۇنيا بويىچە ئەڭ پاكىز مىنېرال سۇ.
پەقەت بىز بۇ سۇنى ئەتىۋارلاپ «زەمزەم» دېگەن يې-
رىمىز يوق. ئۈچتۇرپان «توققۇز بۇلاق سۈيى» نامى
بار مىنېرال سۇ. سىز داڭلاپ سېتىۋاتقان «زەمزەم»
سۈيىدىكى مىنېرال ماددىلارنىڭ مىقدارىنى تەك-
شۈردىڭىزمۇ؟ بىلەمسىز؟ بۇ سۇ ھەرەمدىن چىققاند-
لىقى ئۈچۈن شۇنچە داڭلىقمۇ؟

ئادەتتە مىنېرال سۇ تەركىبىدە مىنېرال ماد-
دىلاردىن باشقا ئېرىگەن ئوكسىگېن بولىدۇ. سۇنى
بوتۇلكىغا قاچىلاش، يۆتكەش ھەمدە كىلىماتنىڭ
ئۆزگىرىشى، ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشى تۈپەيلىدىن مى-
نېرال سۇ تەركىبىدىكى ئېرىگەن ئوكسىگېن مىق-
دارى ئازلاپ كېتىدۇ. مىنېرال تەركىبلەر مىقدارىدا
ئۆزگىرىش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «زەمزەم» سۇنى
يۆتكەش جەريانىدا ئۇنىڭ تەركىبىدە ئۆزگىرىش يۈز
بېرىدۇ. بىز 1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەش-
قەر ھاي - ھاي تېرەك سۈيىنى ئۈرۈمچىگە ئەكى-
لىپ تەركىبىنى تەكشۈرگەن ۋاقتىمىزدا دەل ئەھ-
ۋالنىڭ يۇقىرىقىدەك بولغانلىقىنى بايقىغان ئى-
دۇق. شۇڭا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ھەرەمگە بار-
غانلار گەرچە ھەرەمدىن زەمزەم سۇنى ئەكەلسىمۇ،
لېكىن كېلىش جەريانىدا ئۇنىڭ تەركىبىدىكى مى-
نېرال ماددىلار مىقدارىدا ئۆزگىرىش بولۇپلا قال-
ماي، سۇ تەركىبىدىكى ئېرىگەن ئوكسىگېن مىقدا-
رى ئازلاپ كېتىدۇ.

ئادەتتە سوغۇق سۇ ئىچسە ئادەمنىڭ ئۇسسۇز-
لۇقى قانىدۇ. چۈنكى سوغۇق سۇ تەركىبىدە ئوك-
سىگېن مىقدارى بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ. ئادەتتە 10 -
ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان
ۋاقىتلاردا ئېقىن سۇلاردا ئوكسىگېن ۋە باشقا مى-
نېرال ماددىلار بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ. تېمپېراتۇرا

تۆت سېلسىيە گىرادۇستا بولغان ۋاقتىدا سۇنىڭ قويۇقلۇقى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا سۇنى دۇم يېتىپ تۇرۇپ كۆپرەك ھەم تېز ئىچسە، سۇ ئادەمنىڭ گېلىدا تۇرۇپ قېلىپ ھاياتىغا تەھدىت يېتىدۇ ياكى ئادەم قاتتىق قېقىلىپ كېتىدۇ. ياز كۈنلىرى قاپاقتا ساقلاپ ئىچكەن سۇ تەركىبىدە ئوكسىگېن مىقدارى بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ، شۇڭا ئادەم ئۇسسۇزلۇققا قانغاندەك ھېس قىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز سۇ بىلەن يەر سۇغارغاندا يەرنى تېز قاندۇرىدىغان، كۈن نۇرى چۈشكەن سۇنى «ئەركەك سۇ» دېسە، ئېقىشى ئاستا بولغان سۇنى «ئۆلۈك سۇ» دەپ ئاتىغان. مانا بۇ «ئەركەك سۇ» مىنېرال سۇدىن ئىبارەت. بەزى يەرلەرنىڭ سۈيى تۈزلۇق بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسىم يەرلەرنىڭ سۈيىنىڭ تاتلىق بولۇشى يەر قاتلىمىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ بەزى يەرلەرنىڭ يەر ئاستى سۇلىرى تاتلىق بولغىنى بىلەن يەر ئۈستى سۇلىرى تۈزلۇق. بۇ يەر قاتلىمىنىڭ ئەڭ چوڭ سۈزگۈچ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. زەمزەم سۈيىدە چۆكمە بولماسلىق ھەرگىزمۇ قانداقتۇر بىر كارامەتنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، يەنى 50 – 60 كىلومېتىر كېلىدىغان شېغىللىق قاتلاملىرىدىن ئۆتۈش جەريانىدا سۇدا لەيلىمىلەر قالمىغان. ئەمەلىيەتمۇ شېغىل ئەڭ چوڭ سۈزگۈچ. شۇڭا ھازىرقى زامان سۇ تازىلاش قاچىلىرى ئاستىغا شېغىل سېلىنغىنى سۇنى ياخشى تازىلايدۇ، شۇڭا بىز ئاتاۋاتقان «زەمزەم» بىر مىنېرال سۇدۇر.

**مۇھەررىر: ئاسىيە ھېمىت**

# ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلىيالمايدۇ

ئادەمنىڭ يۈرىكى توختىماستىن سوقۇپ تۇرىدۇ، ھەم ماس ھالدا توختىماستىن ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدۇ. پەقەت ئىنتايىن تىنچ بولغان ئاۋاز توسۇش ئۆيىدىن باشقا يەردە ئادەم ئۆزىنىڭ يۈرەك سوقۇش ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇنىڭ سەۋەبى چوڭ مېڭىنىڭ مەقسەتلىك ئاڭلاتمىغانلىقىدا ئىكەن. كۆز، قۇلاق، بۇرۇن ۋە باشقا سەزگۈ ئەزالىرىمىز قوبۇل قىلغان زور مىقداردىكى ئۇچۇرلارغا يېتىشىش ئۈچۈن چوڭ مېڭە يۈرەك سوقۇش ئاۋازى قاتارلىق بەزى شاۋقۇن ئاۋازلارنى سۈزۈۋېتىشكە توغرا كېلىدىكەن. دېمەك، چوڭ مېڭە يۈرەك سوقۇش ئاۋازىنى تۆۋەنلىتىپ تەڭشەپ قويغانلىقى ئۈچۈن باشقا سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا كاشىلا قىلمايدىكەن.

**تەرجىمە قىلغۇچى: نۇسرەتگۈل ئۆمەر**

**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**

# يەر شارىدىكى يەر تەۋرىمەيدىغان ئورۇنلار

ھۈسناجى ئابدۇرېھىم
(ئاتۇش شەھەر ئۈستۈن ئاتۇش بازار قايراق ئوتتۇرا مەكتەپ)

يەر تەۋرەش يەر شارىدا دائىم كۆرۈلىدىغان تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بىرى، پۈتۈن يەر شارى بويىچە، ھەر يىلى يۈز بېرىدىغان يەر تەۋرەش قېتىم سانى تەخمىنەن بەش مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم بىۋاستە سېزەلەيدىغان يەر تەۋرەش قېتىم سانى 50 مىڭ قېتىم ئەتراپىدا.

كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، يەر شارىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يەر تەۋرەش ئۈسكۈنىلىرى تا ھازىرغا قەدەر، جەنۇبىي قۇتۇپ بىلەن شىمالىي قۇتۇپتا يەر تەۋرەش يۈز بەرگەنلىكىگە ئائىت ھېچقانداق سانلىق مەلۇماتقا ئېرىشمىگەن. بۇ مەسىلە دەرۋەقە دۇنيادىكى يەر تەۋرەشنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئامېرىكىدىكى بىرقىسىم گېئولوگلار كۆپ يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، دەسلەپكى قەدەمدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپتا يەر تەۋرەش يۈز بەرمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى تاپقان. يەر تەۋرەشنى ھاسىل قىلىش پرىنسىپىدىن قارىغاندا، يەر تەۋرەش بولسا يەر شارى ئىچكى قىسمىدا غايەت زور ئېنېرگىيە مەۋجۇت بولغانلىقتىن، غايەت زور تەسىر كۈچىنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ خىل غايەت زور بولغان تەسىر كۈچ ھەرۋاقىت يەر پوستى جىنىسلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارىدۇ. تاغ جىنىسلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان تەسىر كۈچكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ۋاقىتتا، تاغ جىنىسلىرىدا تۇيۇقسىز يېرىلىش يۈز بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يەر پوستىنىڭ سىلكىنىشىنى پەيدا قىلىپ، يەر يۈزىگىچە تارقىلىپ بارىدۇ. جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپتا يەر تەۋرەش يۈز بەرمەسلىكتىكى تۈپكى سەۋەب، جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپتا يەر يۈزىنى قېلىن بىر قەۋەت مۇز قاتلىمى ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇلار شەك - شۈبھىسىز يەر پوستىغا غايەت زور بېسىم كۈچى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل غايەت زور بېسىم كۈچى دەل يەر قاتلىمى تۈزۈلۈشىنىڭ قىسىش كۈچى بىلەن تەڭپۇڭ ھالەتتە بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا يەر قاتلىمىدا قىسىلىش، ئېگىلىش ئەھۋاللىرى پەيدا بولمايدۇ، ئەكسىچە يەر تەۋرەشنى ئازايتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق نىسپىي بولىدۇ. ناۋادا بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، يەر شارىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇبىدا ئوخشاشلا يەر تەۋرەش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ.

**مۇھەررىر: ئاسىيە ھېمىت**

# 目录 | 知识－力量（第 8 期）


01 第五届自治区青少年科技创新奖获奖人员名单

**科学与迷信**

05 白天和黑夜为什么交替
06 您知道雷声和闪电如何产生的吗？
07 天上的云会掉下来吗？
08 天上的云是怎样形成的……迪丽努尔·艾则孜（译）

**展望世界**

09 世界上十座最具特色的桥梁……翟新瑞（译）
12 人体器官移植的“第一次”……买买提依明·买买提（译）

**健康**

13 呼噜再响也吵不醒自己……米克拉依·亚生（译）
14 五类人最该吃姜……买买提·吐拉甫（译）
16 盐一糖尿病的内应……米娜瓦尔·艾则孜（译）
17 如何判断腰椎间盘突出症……努尔买买提·依明肉孜

**环境与生命**

18 神奇的气象……举来提·艾比不拉（译）
20 空气中的食品添加剂……沙吉旦木·吐热合买提（译）

**科技与生活**

22 用植物能给手机充电吗？……米娜瓦尔·艾则孜（译）

**动物世界**

23 鹈鹕及其保护……阿不都拉·肉孜
25 超级长寿的 10 大物种……沙塔尔·吾甫尔（译）

**农业技术**

28 甜瓜霜霉的发生与防治……玉山江·吐尼亚孜
30 梨树栽培技术和管理措施……努尔加玛丽·吐尔逊
33 生根培养基土制作方法……阿布都克里木·阿吉
35 南疆地区室内栽培鸭脚木技术……肉孜买买提·依明

**东西南北**

38 关于心理健康标准的思考……吾斯曼江·阿布来提
41 设计艺术讲究落实效果……凯赛尔·买买提明
43 加强档案管理人员职业道德建设的几点思考……艾赛提·阿西木
46 生物质能……努尔·吐尔逊

**同行平台**

50 出版业社会地位问题的思考……艾尼瓦尔·塔西

**您知道吗**

55 读书可以延年益寿……热依汗古丽·玉素甫（译）
57 渗渗泉水是什么水……马木提·库尔班
60 世界上不会发生地震的地方……玉苏那吉·阿不都热依木






新疆维吾尔自治区科普杂志社

**主　任** 李春阳

**副主任** 陶鹏　阿布都艾尼·依干拜尔迪　恰汗·合孜尔　谢国政　米宁　依明江·扎日　艾春根　摆晓宏

**编　委**（按姓氏笔画排序）万祥贵　地力夏提·买提肉孜　塔世根·加帕尔　刘瑛　战强　谢树燕　举来提·艾比不拉　罗建业

**社长、总编** 地力夏提·买提肉孜（副编审）

**副社长、副总编** 举来提·艾比不拉（副编审）　罗建业

**编辑部主任** 再吞古丽·阿布都瓦依提
**本期编辑** 帕孜来提·吐鲁洪
**校对** 阿斯亚·玉苏音
**监督电话** (0991)6386550
**编辑部电话** (0991)6386547
**广告发行部电话** (0991)6386551
**主办** 新疆维吾尔自治区科学技术协会
**出版** 新疆维吾尔自治区科普杂志社
**地址** 乌鲁木齐市新医路 686 号（科技馆）
**邮政编码** 830054
**电子邮件** bilimkuqxjkx@163.com
**编辑制作**《友邻》杂志社
**印刷** 新疆新华印刷厂
**发行** 乌鲁木齐市邮局
**订阅** 全国各地邮政（支）局
**国内统一连续出版物号** CN65-1085/Z
**国际标准连续出版物号** ISSN1002-9427
**邮发代号** 58-15
**广告经营许可证** 6501004000010
**定价** 7.00 元

# ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر
# پەن - تېخنىكا بايرىمىدىن كۆرۈنۈشلەر











ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

